ئا. ئابدۇرراھمان خاقاني

# ئائىلىدىكى تەربىيە مەنبەسى

## أصول التربية في الأسرة

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى



﴿ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا - چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دەۋزەختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر اللهنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ﴾ [سۈرە تەھرىم].

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پاداڭلار توغرىلىق سوراق قىلىنىسىلەر. خەلىپىمۇ پادىچى. ھەر بىر ئادەممۇ ئۆز ئەھلىگە پادىچىدۇر ۋە ئايال كىشىمۇ ئېرىنىڭ ئۆيىگە ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىغا پادىچى، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار ئۆز پادىلىرىڭلاردىن سوراق قىلىنىسىلەر». [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

# مۇندەرىجە

مۇندەرىجە ........................................ 3
كىرىش سۆز ........................................ 4
ئائىلىنى تەربىيەگە چاقىرىش مەنبەلىرى:........................ 9
بىرىنچى ئىمانى تەربىيىلەرگە چاقىرىش ...................... 9
ئىككىنچى ئەخلاقىي تەربىيىلەرگە چاقىرىش.................... 19
ئۈچىنچى نەپسى تەربىيىلەرگە چاقىرىش .................... 28
تۆتىنچى ئىجتىمائىي تەربىيىلەرگە چاقىرىش .................. 33
بەشىنچى جىسمانىي تەربىيىلەرگە چاقىرىش.................... 41
ئالتىنچى بالاغەت ھۆكۈملىرىنى ئۆگىتىشكە چاقىرىش ............... 44
يەتتىنچى پەرزەنتلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش ۋە دەۋەت
قىلىشنى تۇرغۇزۇشقا تەربىيىلەش.......................... 51
خاتىمە ........................................ 58





# كىرىش سۆز

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

بارلىق ھەمدۇسانالار شەپقەتلىك، رەھىمدىل، ئادىل، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ئۆزىگە ئىتائەت قىلغانلارغا رازىلىقى ۋە رەھىم ـ شەپقىتىنى، ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغانلارغا بولسا ئازابىنى ۋەدە قىلغان، يەككە ـ يېگانە، ھەممە پەقەتلا ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدىغان، ھېچكىمگە موھتاج بولمايدىغان، تۇغمىغان ۋە تۇغۇلمىغان ۋە ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدىغان ئۇلۇغ اللە قا خاستۇركى، ئۇ ھەممىدىن بىھاجەت، ھەممىدىن كۈچلۈك، ھەممىدىن بۈيۈك ۋە كاتتىدۇر. ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە پادىشاھلىقىنىڭ كاتتىلىقىغا لايىق ھەمدۇسانالار اللە قا خاستۇر. ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقى اللە قا خاس بولۇپ، ئۇنىڭ تەرىپىگە قالدۇرۇلىسىلەر.

اللە تىن باشقا ئىلاھ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن، ئۇنى ماختايمەن ۋە ئۇنىڭغا شۈكرى ئېيتىمەن. ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە ئۇنىڭدىن مېنى توغرا يولغا باشلىشىنى ئۆتۈنىمەن، مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى، بەندىلەرنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى، تەقۋادارلارنىڭ تەقۋادارى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئەلچىلەرنىڭ ئىچىدە تاللانغىنى، ئىنسانىيەتنى توغرا ۋە ھەق يولغا چاقىرغۇچى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ پاك ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، ئالىي جاناب ساھابىلىرىگە ۋە قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرگە دۇئا ۋە سالام يوللايمەن!!!

ھۆرمەتلىك ئاتا ـ ئانا، ئاكا ـ ئىنى، ئاچا ـ سىڭىل...

قېرىنداشلىرىم!

ئىسلام دىنى ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ھەر تۈرلۈك ئىللەتلەر ۋە خۇراپاتلىقلاردىن ئازاد قىلىپ، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئەڭ توغرا، ئەڭ گۈزەل بىر ياشامدا ياشاشلىرى ئۈچۈن كۆرسەتمە بەرگەن، ئەڭ ئىلغار، مەدەنىي ۋە ئىلمىي بىر دىندۇر. ئائىلە ھاياتى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ بىر تەشكىلىي قىسمى بولغاچقا، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىشنى ئالدى بىلەن ئائىلىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئائىلە ھەرقانداق ئىنساننىڭ ئىپتىدائىي مەكتىۋى بولۇپ، ئۇنىڭ جەمئىيەتكە ۋە خەلققە پايدىلىق بولۇپ چىقىشى پەقەت ئۇنىڭ ئائىلىسىدە كۆرگەن تۈنجى تەربىيىسىگە باغلىقتۇر، ياخشى ئائىلە ياخشى پەرزەنتلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقالايدۇ.

ئىسلام دىنى يۇقىرىسى دۆلەت، تۆۋىنى ئائىلە ھاياتىغىچە بولغان ھەر قانداق ئىجتىمائىي ھايات ئۈچۈن مەلۇم قانۇن - تۈزۈم ۋە پرىنسىپلارنى بېكىتكەن. جۈملىدىن ئائىلە ھاياتىدىمۇ مۇئەييەن ئەركان - ئەھكاملار بار. ھالبۇكى، ئائىلە ھاياتىنىڭ بەختلىك ھەم خاتىرجەم ھالدا داۋام قىلىشى ئۈچۈن دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن ئائىلە تۈزۈملىرىگە ئەمەل قىلىشىمىز تولىمۇ مۇھىمدۇر.

مەملىكىتىمىزدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ياكى تەرجىمە قىلىنغان دىنىي ئەسەرلەرنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، دىنىمىزنى سۆيگەن، ماڭغان ھەر - بىر قەدەملىرىدە، تىنغان ھەر بىر تىنىقلىرىدا ئىسلامى ھاياتنىڭ ئىككىلا دۇنيالىق سائادىتىنىڭ تەمىنى تېتىپ ياشاي دېگەن تەپەككۇر ئىگىلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەلۇماتلارغا بولغان ئېھتىياجى تەقەززا قىلىۋاتقان، ئائىلە ھاياتى





ھەققىدە ئەتراپلىق چۈشەنچە بېرىلگەن بىرەر خاس ئەسەرنىڭ بولمىغانلىقى كۆپلىگەن كىشىلەرنى ئائىلە مەسىلىلىرىدىكى بىلىشى ئىنتايىن زۆرۈر بولغان قائىدە - تۈزۈملەردىن خەۋەرسىز قىلىشىغا سەۋەب بولۇپ كەلمەكتە.

ئائىلە ھەرقانداق جەمئىيەتنىڭ ئاساسىدۇر. ئائىلىدىن سۆز ئاچقىنىمىزدا ئاياللارنىڭ ئائىلە ھاياتىدىكى رولى بىرىنچى بولۇپ كېلىدۇ. چۈنكى، بىر قولىدا بۆشۈكنى تەۋرەتسە، يەنە بىر قولىدا دۇنيانى تەۋرىتەلەيدىغان ئانىلار ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ئالىم، قوماندان، باشلىق، پادىشاھ، سىياسىئون، ئوقۇتقۇچى، دوختۇر، ناخشىچى، سودىگەر - تىجارەتچى، ئاشپەزلەرنى تۇغۇپ بېرىش بىلەن بىرگە يەنە ئوغرى - يانچۇقچى، قىمارۋاز، مەدىكار، خىيانەتچى سوكال ئەمەلدار، گاداي، غالچا، مۇناپىقلارنى ھەم تۇغۇپ بېرەلەيدۇ. ھەممىسى «ئېغە!» لەپ يەرگە چۈشكەندىن باشلاپ ئۆز ئانىسىنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلى، تۇرمۇش قارىشى بويىچە تەربىيىلىنىدۇ ۋە ياكى شۇ ئانىلار تەرىپىدىن يېرىم يولدا جەمئىيەتكە ئىتتىرىلىپ، تەربىيىسىز قالىدۇ، قىسقىسى، ئاۋۋال شۇ ئانىلار مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ چىقىدۇ.

ئىسلام دىنىمىزدىكى ئاياللارغا كەلسەك، ئاياللار ھەرگىزمۇ بەزىلەر تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۆيدە ئولتۇرۇش ئۈچۈن يارىتىلغان ئەمەس، ئۇلار ئەرلەرنىڭ يېرىمىدۇر. ھەدىستە شەرىپىدە: ”ئاياللار ئەرلەرنىڭ يېرىمى“ دېيىلگەن.

ئەرنى ئەر قىلىدىغانمۇ ئايال، جەمئىيەتنى تۈزىدىغان ۋە بۇزىدىغانمۇ ئايال. ئەلۋەتتە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تۈزىدىغان،

ئىسلاھ قىلىدىغان ۋە ئىككىلا دۇنيادا يارامىلىق ئەۋلاد تەربىيىلەشتە ئالدىنقى سەپتە تۇرىدىغان، پىداكار ئانا بولۇشنى ئۈمىد قىلىمىز!

نىھايەتكى، بۇ مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ چۈشەنچىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئاياللار مەسىلىسى ھەرقانداق جەمئىيەتتە شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئورتاق مەسىلىسى. دىن دۈشمەنلىرى مۇقەددەس دىنىي ئېتىقادىمىزغا ۋە ئىسلامى ئەنئەنىلىرىمىزگە ھۇجۇم قىلىشتىكى بوشلۇقنى ئاياللاردىن تاپقان بولۇپ، ئۇلارنى ئازدۇرۇش ئارقىلىق كېلەچەكنىڭ ئىگىلىرى بولغان ياش ئەۋلادلارنى يولدىن چىقىرىشنى مەقسەت قىلماقتا. ئاياللار جەمئىيەت ھاياتىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلغاندىمۇ، ئۇلار ئەرلەرگە نىسبەتەن يەنىلا كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بالىلارمۇ ئانىلارنىڭ دىيانىتى ۋە ئەخلاقىنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزلىرىگە بىرلەشتۈرىدۇ. چۈنكى، ئانىلار بالىلارغا نىسبەتەن بىرىنچى مۇئەللىمەلەردۇر.

قىممەتلىك قېرىندىشىم! قولىڭىزدىكى بۇ ”**ئائىلىدىكى تەربىيە مەنبەسى**“ ناملىق كىتابنى يۇقىرىقى بوشلۇقنى ئازراق بولسىمۇ تولدۇرۇش نىيىتىدە، سەۋىيەمنىڭ يېتەرسىز ۋە بىلىمسىزلىكىمگە قارىماي مۇسۇلمانلارغا ئاز ـ تولا بولسىمۇ پايدىسى تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دېگەن ئۈمىد بىلەن يېزىپ چىقتىم. كىتابنىڭ ئىخچام ۋە سىستېمىلىق بولۇشى ئۈچۈن ماۋزۇلارنى مۇمكىن قەدەر ئىخچاملاشقا تىرىشتىم، شۇنداقلا ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ ئەرەبچە تېكىستلىرىنى كەلتۈرمەستىن ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىلىرىگە كۇپايە قىلدىم.

سەۋىيەمنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋە تەجرىبەمنىڭ يوقلۇقى سەۋەب بۇ





كىتابنى تۈرلۈك سەۋەنلىكلەردىن خالى دېگىلى بولمايدۇ. كىتابخانلىرىمىزنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشىنى سورايمەن.

ئا.ئابدۇرراھمان خاقانىي

## ئائىلىنى تەربىيەگە چاقىرىش مەنبەلىرى:

مەزكۇر ئەسەرنىڭ ھەجىم ئېتىبارى بىلەن ئائىلىدىكى دەۋەت مەسئولىيەتلىرىنى تەپسىلىي ساناپ ئۆتكىلى بولمىسىمۇ بۇ يەردە بىر زۇرۇرلىرىنى ئېنىقلاپ ئۆتمەكچى:

1. ئىمانى تەربىيەگە چاقىرىش.
2. ئەخلاقى تەربىيەگە چاقىرىش.
3. نەپسى تەربىيەگە چاقىرىش.
4. ئىجتىمائىي تەربىيەگە چاقىرىش.
5. جىسمانىي تەربىيەگە چاقىرىش.
6. بالاغەت ھۆكۈملىرىنى ئۆگىتىشكە چاقىرىش.
7. پەرزەنتلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش ۋە دەۋەتنى تۇرغۇزۇش ئۇستىگە تەربىيىلەشكە چاقىرىش[1].

## بىرىنچى ئىمانى تەربىيەگە چاقىرىش

بۇ مەسئۇلىيەت ئەر ـ ئايالىق ھاياتنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئىسلامغا يۈزلىنىش بىلەن باشلىنىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئەر ـ ئايال ھەر بىرى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشتىكى ھەمراھىنى ئاللاھنىڭ ئىرادە قىلغىنىدەك تاللاشتۇر.

بۇ ھەقتە، جانابىي ھەق، الله تائالا ئۆزىنىڭ مۇبارەك كالامىدا مۇنداق ئەسكەرتكەن: ﴿(ئي مۇسۇلمانلار!) مۇشرىك ئاياللار ئىمان

(1) ـ ئەۋلادلارنى ئىسلام ئىچىدە تەربىيىلەش ــ ئابدۇللا ناسىھ ئۇلۋان



ئائىلىدىكى تەربىيە مەنبەسى

ئېيتمىغۇچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار، (ھۆر) مۇشرىك ئايال (ھۆسن ـ جامالى ۋە مېلى بىلەن) سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۆمىن دېدەك، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر. مۇشرىك ئەرلەر ئىمان ئېيتمىغۇچە مۆمىن ئاياللارنى ئۇلارغا ياتلىق قىلماڭلار، (ھۆر) مۇشرىك ئەر سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ مۆمىن قۇل ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر. ئەنە شۇلار(يەنى مۇشرىك ئەر ۋە ئاياللار سىلەرنى) دوزاخقا چاقىرىدۇ، الله ئۆز ئىرادىسى بويىچە (سىلەرنى) جەننەتكە، مەغپىرەتكە چاقىرىدۇ. كىشىلەر پەند ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ الله ئۇلارغا ئۆز ئايەتلىرىنى بايان قىلىدۇ﴾[1].

شەيخ ئابدۇراخمان ئىبنى سەئىدى، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە (بۇ ئايەت بارلىق كاپىرلارنىڭ ئاياللىرىدا ئومۇمىيدۇر ۋە ئۇنى بولسا سۈرە مائىدىدىكى ئايەت خاس قىلدى: ﴿بۈگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى. كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نىڭ تامىقى سىلەرگە ھالالدۇر ۋە سىلەرنىڭ تاماقلىرىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر. مۆمىنلەردىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ مەھرىنى بەرسەڭلار، ئېيپەتلىك بولغىنىڭلار ۋە ئاشكارا ـ يوشۇرۇن پاھىشىنى كۆزلىمىگىنىڭلار ھالدا (ئۇلارنى ئالساڭلار) ئۇلار سىلەرگە ھالالدۇر. كىمكى ئىماندىن يېنىۋالىدىكەن (ياكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن) ئۇنىڭ ئەمەلى (نىڭ ساۋابى)

[1] ـ سۈرە بەقەرە: 221 ـ ئايەت

يوقۇقا چىقىرىلىدۇ. ئاخىرەتتە ئۇ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ﴾.[1]

الله تائالانىڭ سۆزى: ﴿(ئى مۇسۇلمانلار!) مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغۇچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار﴾. بولسا ئومۇملۇقىدا بارلىق ئۇممەتنىڭ بىرلىككە كىلىشى بىلەن خاسلىق يوقتۇر، چۈنكى مۇشرىك، مۆمىن ئايالغا قايسى جەھەتتىن بولمىسۇن يېقىنلاشسا ئۇنىڭدا پەقەت ئىسلامغا قىلىنغان ھاقارەت، كەمسىتىشتۇر.[2]

ئەمما باشقا شەرىئەت ئەھكاملىرىدا بولسا الله تائاللا ئىختىيارنى ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ ئەمرىدە قىلدى، ئۇئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رازىلىق. مەسىلەن، بۇ بولسا سۈننەتتە باردۇر،ئۇ توغرىدا يەنى ئەرنىڭ ئايال تاللاشتىكى ھەققى ۋەشۇنداقلا ئايالنىڭ ئەر تاللاشتىكى ھەققى توغرىسىدا نۇرغۇن ھەدىسلەر كەلگەندۇر.

ئەمما ئەرنىڭ ئايالنى تاللاش توغرىسىدا، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇ دىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسالام) مۇنداق دېگەن: ‹‹كىشىلەر ئايال كىشىگە مۇنداق تۆت تەرەپنى كۆزدە تۇتۇپ ئۆيلىنىدۇ، ئۇنىڭ مېلىنى، نەسەبىنى، جامالىنى ۋە دىنىنى. سەن دىيانەتلىك ئايالنى تاللىغىن، شۇنداق قىلساڭ قولۇڭ توپىغا مىلىنىدۇ (يەنى قىلغان ئەمگىكىڭگە مەنپەئەت يۇقىدۇ) ››.[3]

ۋە: ‹‹ ئۇلار قەلبىنى شۇكرى ئېيتقۇچى ۋە تىلىنى زىكرى

---

[1] - سۇرەمائىدە : 5 - ئايەت

[2] - قۇرتۇبى - گەقاراڭ

[3] - بۇخارى - 5090 نومۇرلۇق





قىلغۇچى تۇتسۇن ۋە مۆمىنە (سالىھ) ئايالنى تاللىسۇن (ئۇ) بولسا ئۇنىڭ ئاخىرەت ئىشىدا ياردەمدە بولىدۇ››[1]

يەنە بىر رىۋايەتتە: ‹‹ياخشى (سالىھ) ئايال سېنىڭ دۇنياۋى ۋەدىنىي ئىشىڭدا ساڭا ياردەم قىلىدۇ.(ئۇ)بولسا كىشىلەرنىڭ توپلىغان نەرسىلەردىن ياخشىدۇر››.[2]

ۋە: ‹‹ياخشى (سالىھ) ئايال بولسا، ئۇنىڭغا قارىساڭ سېنى ئەجەبلەندۈرگەن ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلساڭ،ئۇنىڭدىن ۋەمېلىڭدىن ئەمىن بولغىنىڭدۇر ۋە (بۇ بولسا) بەختىندۇر ۋە بەختسىزلىكتىن بولسا شۇنداق ئايالكى، قارىساڭ سېنى بىئارام قىلىدىغان، ساڭا تىل تەگكۈزىدىغان ۋە ئەگەر ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالساڭ ئۇنىڭ ئۆزىدىن ۋەمېلىڭدىن ئەمىن بولمىغىنىڭدۇر ››.[3]

ۋە: ‹‹كۆپ تۇغىدىغان، ئېسىل خىسلەتلىك ئاياللارغا ئۆيلىنىڭلار ! مەن قىيامەت كۈنىدە باشقا ئۇممەتلەرنىڭ ئالدىدا، سىلەرنىڭ كۆپلىكىڭلاردىن پەخىرلىنىمەن.››[4]

ۋە:‹‹ باللارنىڭ ئانىسىغا (يەنى باللىق ئاياللارغا) نىكاھلىنىڭلار،مەن ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنىدە سىلەر(نىڭ كۆپلىكىڭلار)دىن پەخىرلىنىمەن››[5]

ئەمما ئايالنىڭ ئېرىنى تاللاش توغرىسىدا ئەبۇ ھاتىملەزنى

---

[1] - ئەھمەد رىۋايىتى.(5 \282)

[2] - بەيھەقى رىۋايىتى. - سەھىھۇل جامىئ (4285)

[3] - ئىبنى ھەببان رىۋايىتى

[4] - ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

[5] - ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

رەزىيەللاھۇئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹ ئەگەر سىلەرگە ئەخلاقى، دىنى رازى قىلارلىق كىشى كەلسە، ئۇنىڭغا تويلاپ بېرىڭلار، ئۇنداق قىلمىساڭلار زېمىندا پىتنە ۋە زور بۇزۇقچىلىق بولىدۇ.››[1]

شۈبھىسىزكى، توغرا تالλاش، ساغلام ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلسا، ئۇ ھايات ئىگىلىرى الله نىڭ ئىزنى ـ ئىجازىتى بىلەن ساغلام، توغرا بىر ياشامدا بەختلىك ياشىغىسىدۇر. ياخشى (سالىھ) ئەر بىلەن ياخشى (سالىھ) ئايال بولسا ياخشى ئائىلىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدۇر، چۈنكى مۇنبەت رايوندا الله نىڭ ئىزنى بىلەن ئۆسۈملۈكلەر ئۆسكىسىدۇر، ئەمما ناچىرىدا بولسا پايدىسىز نەرسىلەردىنى باشقا نەرسە چىقمايدۇ.

2. ئەر ـ ئايال ئۆزئارا باخشىلىق، تەقۋالىق بىلەن الله دىن مۇۋەپپەقىيەت سوراش ۋە داۋاملىق الله نى ئەسلەپ تۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردا ھەمكارلىشىش. ئەگەر ئايال (سالىھ) ياخشى بولسا بۇ گۈل ئۈستىگە گۈلدۇر ۋە الله تائالانىڭ پەزلىدۇر. ئاتا قىلغان ياخشىلىقدۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا چوقۇم ئۇنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت ئىشلەش ئائىلە ئىگىسىنىڭ مەسئولىيەتلىرىدىندۇر. ئۇلاردىن تويى ئىشىنىڭ بېشىدا ئۆز دىنىغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىدىن ياكى ئەر، ئايالنى ياخشىلاش نىيىتىدە ئۇنى ئەمرىگە ئالغان بولۇشى ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ قىستىشى ئاستىدا بولۇشى مۇمكىن، بۇنوقتىلاردىن ئېيتقاندا ياخشىلاش خىزمىتىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرمىكىمىز زۆرۈردۇر.

چوقۇم ئەر بىرىنچى بولۇپ ھىدايەتنىڭ الله تەرىپىدىن

---

[1]تىرمىزى رىۋايىتى





بولىدىغانلىقىنى بىلمىكى كېرەك. الله تائالا ئۇ زات بولسا ئۆزى ياخشىلىغۇچىدۇر.

بۇنى الله تائاللاھ زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدە بايان قىلىپ مۇنداق ئېيتىدۇ: ‹‹ئۇنىڭغا خوتۇنىنى ئۆزگەرتىپ بەردۇق››[1]، يەنى ئۇنى تۇغماس بولۇپ قالغىنىدىن كېيىن تۇغىدىغان قىلدۇق ۋە ئاباسىنىڭ ئوغلى مۇنداق دەيدۇ: ئەخلاقى ناچار، تىلى ئۇزۇن (ئىتتىك ئايال) ئىدى. الله تائالا ئۇنى ئۆزگەرتىپ ئەخلاقلىرىنى ياخشى قىلىپ بەردى.[2]

ئايالنى ياخشى (سالىھ) قىلىپ تەربىيىلەشنىڭ ۋاستىلىرى:

1 ـ ئۇنىڭ الله ئۈچۈن بولغان ھەرخىل ئىبادەتلىرىنى توغرا تالλاش:

(1) ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ كۈچىيىشى ئۈچۈن خىزمەت ئىشلەش، مىسالى:

(2) تەھەججۇتنى تۇرغۇزۇشىغا نەسىھەت قىلىش.

(3) قۇرئانى كەرىمنى كۆپ تىلاۋەت قىلىشقا نەسىھەت قىلىش.

(4) دۇئالارنى يادلاش ۋەئۇلارنى ۋاقتى بىلەن پۇرسىتى كەلگەندە زىكرى قىلىشقا نەسىھەت قىلىش.

(5) ئۇنى سەدىقە قىلىشقا نەسىھەت قىلىپ قىزىقتۇرۇش،

---

[1] ـ سۈرە ئەنبىيا: 90 ـ ئايەت.

[2] ـ قۇرتۇبى (336\11 ) ـ گە قاراڭ.سەففەتۇت تەفاسىر ـ گە قاراڭ

(6) ئۇنىڭغا مەنپەئەتلىك دىنى كىتابلارنى ئوقۇتۇش،

(7) مەنپەئەتلىك دىنى ئۇنئالغۇ لېنتىلىرىنى مەيلى ئىمانى ياكى ئىلمى...بولسۇن ئاڭلاشنى داۋاملاشتۇرغۇزۇش.

(8) ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەھلى دىنى ھەمراھلىرىنى تاللاش،ئۇلار بىلەن چىن قېرىنداشلىق ئورنۇتۇش ۋە ئۇلار بىلەن ياخشى پىكىرلەرنى ۋە زىيارەتلەرنى ئالماشتۇرۇشۇش.

(9) يامانلىقنى ئايالدىن توسىماق ۋە ئۇنىڭ ئايالغا يامرىشىنىڭ ئالدىنى، ئۇنى يامان ئورۇنلاردىن ۋە يامانلىققا مۇناسىۋەتلىك بولغان نەرسىلەردىن يىراقلاشتۇرۇش ۋە توسۇش.

2 ـ بالىنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىش.

3 ـ ئاندىن مىجەزنى ياخشىلاش دەۋرى كېلىدۇ ۋە ئانىسىنىڭ بالىسى بىلەن بولغان ئىجتىمائىي ئارىلىششى بولسا تۇغۇلغان بىرىنچى مىنۇتلاردا ئانا بالىنىڭ قۇلىقىغا كەلىمە تەۋھىد: «لا ئىلاھە ئىللەللا » دېگەن كەلىمە بىلەن ئىچىشىدا باشلىنىدۇ، ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئىقتىدا قىلغان (ئەگىشىش) ئاساستا ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئەزان توۋلاشتۇر.

فاتىمە اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن، ئوغلى ھەسەن ئىبنى ئەلىنى تۇغقان ۋاقتىدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا ئەزان ئوقۇغاندەك، ئەزان ئوقۇغان ئىدى.ئەبى رەفادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەسەن ئىبنى ئەلىنىڭ قۇلىقىغا، فاتىمە ئۇنى





تۇغقان ۋاقتىدا نامازدىكىدەك ئەزان تولىغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم.[1]

ئۇنىڭ ماھىيىتى: خۇددى مەزىن نامازغا ئەزان توۋلىغانغا ئوخشاش ۋە لېكىن ئۇنى بالىغا ئازار ئېلىپ كەلمەسلىكى ئۈچۈن پەس ئاۋازدا ئېيتىدۇ ۋە ئايال كىشىنىڭ ئەزان ئېيتىشى ۋە ناماز ئۈچۈن تەكبىر تۇرغۇزۇشىغا ئۇممەت ۋە ئۆلىمالارنىڭ بەزىلىرى رۇخسەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەدنىڭ رىۋايىتىدە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ئايال كىشى ئەزان بىلەن تەكبىر ئېيتسا ھېچقىسى يوقتۇر. ئەلقازى ئېيتىدۇ: ئايال ئۈچۈن تەكبىر ئېيتىش مۇستەھەپمۇ ؟ بۇ ھەقتە ئىككى رىۋايەت بار: جابىردىن رىۋايەت قىلىنغىنىدا، ئايال ھەققەتەن تۇرغۇزىدۇ ۋە ئەتائ،مۇجاھىد،ئەلئەۋزائى ۋە شاپىئىلار ئېيتىدۇ: ئەگەر ئەزان ئېيتسا ۋە تەكبىر ئېيتىپ نامازغا تۇرسا ھېچقىسى يوقتۇر.[2]ۋە ئىمام ئىبنۇل قەييۇم بالىنىڭ قۇلىقىغا ئېيتىلىدىغان ئەزاندىكى ھېكمەتنى تۆۋەندىكى سۆز بىلەن بايان قىلىدۇ: (ئۇ ئەزاندىكى سىر، ـ اللە ھەممىنى بىلگۈچىدۇر ـ ئىنساننىڭ ئاڭلىشىغا تۇنجى مۇۋەپپەق بولغان (سۆزنىڭ) ئۇلۇغ پەرۋەردىگارنىڭ ھەممىسىدىن كاتتا كىبرىيائ ۋە ئۇنىڭ يۈكسەكلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان سۆزلەرنىڭ بولىشى ئۈچۈندۇر).[3]

5 ـ ئاندىن پەرزەنت تەرەپتىن ئىجتىمائىي ئارىلىشىش دەۋرىنى كۆزىتىش ۋە مۇلاھىزە قىلىش باشلىنىدۇ. ئانىسىدىن ھەممە

[1] ـ تىرمىزى رىۋايىتى ـ 1596 ـنومۇرلۇق ھەدىس ـ گە قاراڭ.
[2] ـ ئەلمۇغنىي: ئىبنى قەدامەنىڭ ـ گە قاراڭ.
[3] ـ تۆھفەتۇلمەۋدۇد بىئەھكاملىمەۋلۇد:ئىبنى قەييۇم جەۋزىي نىڭ

سۆزلەرنى ئاڭلايدۇ ۋە بارلىق ھەرىكەتلەرنى كۆرۈدۇ ۋە ئانىسىنىڭ بۇيرۇش ياكى توسىشىسىز ئانىسىنىڭ بارلىق ئىش ھەرىكەتلىرىنى دورايدۇ. بۇ جەريان بولسا دوراش ـ تەقلىد قىلىشتۇر.

كۆرۈمىزكى، باللار ئاڭلىغان بەزى سۆزلىرىنى جەمئىيەت ئەزالىرىدىن كىملەرنىڭ بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر تەكرارلاۋىرىدۇ. شۇنداقلا ئەمدىلا ئايىغى، تىلى چىققان گۆدەكلەرنىڭ ئاڭسىز ھالدا تۇرۇپمۇ نامازدىكى رۇكۇ، سەجدە، ئولتۇرۇش ـ قوپۇشلارنى دوراۋاتقانلىقىنى كۆرۈمىز. بۇ پەقەت ئايرىم مىسال خالاس.

6 ـ ھەقىقەتەن تەۋھىد بولسا الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ ئىبادەتلىرىدە ئاساستۇر ۋە ياش ـ ئۆسمۈرلەر چوقۇم الله تائالانىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، ئىلاھلىقىدا، ئىسىملىرىدا ۋە سۈپەتلىرىدە يەككە يېگانە بىرلىكىنى ھەتتا الله تائالاغا شەرىئەتتە كۆرسىتىلگىنىدەك ۋە الله نىڭ ئىرادە قىلغىنىدەك ئىبادەت قىلىشنى بىلىشى كېرەك.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، تەۋھىد بىلىملىرىنى تەربىيە ئوبېيكتىنى ئاساس قىلىپ، بالىنىڭ ئەقلى سەۋىيىسى ۋە تەپەككۇر كەڭلىكى بويىچە يەتكۈزۈش كېرەك. مەسىلەن: ئۇنىڭغا تەۋھىد مەسىلىلىرىنى قىسسە ـ ھېكايە بىلەن يەتكۈزۈش، دەرۋەقە، الله نىڭ ياراتقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ئويلىنىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش بولسا ئۇ زاتنىڭ يەككە ـ يېگانەلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەقلىگە ئۇيغۇن ھالدا تەدرىجىي ئۆزگىرىشى، بوۋاقلىقىدىن مۇكەممەللىكىكە ۋە ئۇلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشى بولسا، الله غا بولغان ئىماندا دەلىل ۋە ئىسپاتتۇر، بۇ بولسا قۇرئان كەرىم، ئايەتلىرىدە بايان قىلىنغاندۇر.





7 ـ ئەگەر پەرزەنتىنىڭ ئۆمرى يەتتە ياشقا يەتسە ئانا بالىسىغا دىنى ئەھكاملارنى ئۆگىتىش كېرەك، ئۇبولسىمۇ: ئىسلام، ئىمان، ئېھسان ۋە پەرزەنتلىرىنى ئوغۇل ـ قىز نامازغا بۇيرۇش ۋە ئۇلارنى كۆپ مەشىق قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئادەتلەندۈرۈش ۋە تاھارەت، نامازغا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملارنى ۋە شۇنداقلا ئۇلار ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان رۇكۇن، ۋاجىپ، سۈننەت.. ۋە ئۇنى بۇزىدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىتىش بىلەن بىرگە نامازلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن سۈرە فاتىھە ۋە باشقا قىسقا سۈرىلەرنى ۋە ئاشۇ ئەھكاملارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى ھەدىسلەرنى يادلىتىشى كېرەكتۇر.

بۇلار بولسا مۇشۇ ئارقا ـ ئارقىدىن بولغان ئۈچ يىل جەرياندا چارچىتىپ ۋە زېرىكتۈرۈپ قويماستىن، بىر قېتىم ئۇلارغا رىغبەتلەندۈرۈش ئۇسلۇبىنى ئىشلەتسە، يەنە بىر قېتىمدا تەھدىت سېلىپ قورقۇتۇش ئارقىلىق نامازنى ئادا قىلىشقا ئادەتلەندۈرسە بۇ ياخشىدۇر.

ئەگەر بالىنىڭ يېشى ئونغا يېتىپ ئۇنىڭ نامىزى يەنىلا چالا بولسا ئانا جاراھەت قىلىپ ياكى بىر يەرلىرىنى سۇندۇرۇپ قويمىغان ھالدا ئاغرىتقۇدەك ئۇرۇش ئۇسلۇبىغا ئۆتىشى كېرەك. بۇ بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنداش ئۈچۈندۇر. ئەمرى ئىبنى شۇئەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹ باللىرىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇلارنى نامازغا بۇيرۇڭلار، ئۇلار ئون ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇمىسا ئۇلارنى ئۇرۇڭلار ۋە ياتىدىغان جايىنى ئايرىم قىلىڭلار››[1].

[1] ـ .ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

ۋە چوقۇم بالىنى، نامازلىرىنى مەسچىتتە، مۇسۇلمان جامائىتى بىلەن بىرگە ئوقۇشقا كۆندۈرۈش كېرەك. چۈنكى، ئەرلەرنىڭ ئۆستىگە جامائەت بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇشى ۋاجىپتۇر. ئاياللارغا ئۇنداق ئەمەس.

8 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى مۇسۇلمانلىنىڭ ھاياتىدا مەنپەئەتلىك، لەززەتلىك تەرجىمھال، يېتەرلىك ئۈلگىدۇر. ئۇنى تەدرىجي ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش مۇسۇلمانلىنىڭ ھاياتىدا مۇھىم ئىشلاردىندۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ساھابە ۋە تابىئىلەردىن بولغان ئەر ۋە ئاياللارنىڭ (الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن.) تەرجىمھالىدىن بىرگە ئېلىپ مېڭىش زۆرۈردۇر.

9 ـ لازىملىق، مەنپەئەتلىك كىتابلارنى بارلىق ئائىلە ئەزالىرى، قىز ـ يىگىت، ئەر ـ ئاياللار ئۈچۈن ھازىر قىلىش ۋە ئەقىدە، ئەخلاق، يۈرۈش ـ تۇرۇش ۋە ئېسىل ئۆرپ ئادەتلىرىگە زىيانلىق كىتابلارنى يىراقلاشتۇرۇش كېرەك.

10 ـ قۇرئان كەرىم خۇتبە ۋە دەرس، بولۇپمۇ، ئىمان، ئەقىدە، ئەخلاق توغرىسىدىكى لېنتىلارنى ھازىرلىماق ۋە ئۇلارنى ئىسلامغا گەپ سۆز ۋەئەمەل، ئىچكى ـ تاشقى بارلىق ھالەتلەردە مۇنتىزىم ئەمەل قىلىشقا قىزىقتۇرۇش كېرەك.

## ئىككىنچى ئەخلاقي تەربىيلەرگە چاقىرىش

ئائىلىدىكى تەربىيە مەسئۇلىيەتلەرنىڭ ئىككىنچى ئورۇندا ئەخلاقي مەسئۇلىيەت كېلىدۇ. بۇ مەسئۇلىيەتنى كۆتۈرۈشتە الله يولىغا چاقىرغۇچى مۇسۇلمان ئايال ناھايىتى چوڭ قىممەتكە ئىگە.

ئەخلاقى تەربىيە ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەزمۇن دائىرىسى





تولىمۇ كەڭ؛ ھەجىم ئېتىبارى بىلەن بۇ ئەسەردە ئۇلارنى بىرمۇ ـ بىر چۈشەندۈرۈپ كېتەلمەيمىز. بۇ توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر لېكىن بىز بۇ يەردە ئۇ مەنبەلەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن بولغان ئىنسان ئاممىۋى ۋە شەخسىي ھاياتىدا چوقۇم سۈپەتلەنمىسە بولمايدىغان سۈپەتلەردىن يورۇتۇپ ئۆتىمىز. بۇ سۈپەتلەرنىڭ مۇھىملىرىدىن:

1 ـ راستچىللىق

2 ـ ئامانەتدارلىق

3 ـ تىلى گۈزەل قىلىپ تەربىيلەش.

راستچىللىقا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر بولسا ئۇ،ئىگىسىدىكى ئىمانغا دالالەت قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئەخلاقي قىممەتتۇر ۋە ئۇنىڭ قارشىسىدىكى مۇناپىقلارنىڭ خاراكتېرىدىن سانىلىدىغان ئادەت بولسا يالغانچىلىقتۇر (ئۇنىڭدىن الله بىلەن پاناھ تىلەيمىز!) ھەقىقەتەن ئىسلام بولسا راستچىللىقا بۇيرۇدى ۋە قىزىقتۇردى. ئەمما، يالغانچىلىقتىن بولسا توستى ۋە قاچۇردى، بۇتوغرىدا الله مۇنداق دەيدۇ. ﴿ئى ـ مۆمىنلەر الله دىن قورقۇڭلار راستچىللار بىلەن بىللە بۇلۇڭلار.﴾[1]

ئابدۇللا ئىبنى مەسئود رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن « راستچىللىق ياخشىلىقا، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ، بىر ئادەم راست سۆزلەشنى ئادەت قىلسا،ھەتتا الله نەزىرىدە راستچىل دەپ پۈتۈلىدۇ، يالغانچىلىق گۇناھقا، گۇناھ دوزاخقا باشلايدۇ،ئىنسان يالغان

[1] ـ .سۈرە تەۋبە :119 ــ ئايەت

سۆزلەرۋەرسە ھەتتا ئۇ الله نەزىرىدە يالغانچى دەپ پۈتىلىدۇ››[1]

ئەبۇھۇرەيرە رەزەيەللاھۇئەنھۇ دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:‹‹ مۇناپىقلارنىڭ ئالامىتى ئۈچ؛ سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ ۋەدە قىلسا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ. ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ.››[2]

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان ئايال ئائىلىسىدىكى بارلىق ئەمەللەردە تولۇق راستچىل ۋە ئۇنىڭدىكى چوڭ ـ كىچىك بارلىق ئەزالىرى بىلەن راستچىل ھەقىقىي، چىن مۇئامىلە قىلىشتا الله نىڭ ئالدىدا مەسئۇلدۇر. چۈنكى بۇلار، بىرىش ـ كېلىشنىڭ داۋاملىششى، ھاياتنىڭ تىنچلىقى ۋە ئاخىرەتتىكى قىممىتىنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن سەۋەبتۇر.

ئائىلە ئىچىدە بىرلىكنىڭ قۇرۇلۇشى، ھەقىقەتەن چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال ئەزالارنىڭ بارلىق گەپ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە راستچىل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدا بولسا ھەر ـ بىر ئەر ـ ئايالنىڭ ئۈلگىلىك مەسئولىيتى باردۇر.

ئۇلار بولسا كۆزىتىش كۆزىنىڭ بىرىنچى كۆزى چۈشىنىدىغان كىشىلىرىدۇر.شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام راستچىللىققا بۇيرۇدى ۋە ئۇنىڭ ئەكسىدىن خۇسۇسەن، ئۆسمۈرلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئۇلارنىڭ سالىھ (ياخشى) يېتىلىشى ئۈچۈن توستى ۋە ھەزەر قىلدۇردى.

ئەگەر بىز بالىلىرىمىز بىلەن بولغان ھالىمىزغا قارايدىغان

. 2607 ـنومۇرلۇق ھەدىس[1] سەھىھۇل بۇخارى: 6094 ـنومۇرلۇق ھەدىس، ۋە مۇسلىم:
[2] ـ سەھىھۇل بۇخارى:32 ـ نومۇرلۇق ھەدىس ـ گە قاراڭ.





بولساق ئۇلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە بىر تەرەپتىن ھېچقانداق كۆڭۈل بۆلۈش، جىددىي تۈرۈشلارنىڭ يوقلۇقى بولسا يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار بىلەن بولغان مۇئامىلىگە ناھايىتى ئاددىي قاراپ ھىچ بىر كۆڭۈل بۆلۈپ كېتەلمىگەنلىكىمىزنى بايقايمىز. ھالبۇكى بۇ، كۆپلىگەن ئەمەللىرىمىزنىڭ سۆزلىرىمىزگە قارشىلىقىدىن ۋە ئۇلار بىلەن بولغان ۋەدىلىرىمىزدە راستچىللىقنىڭ بولمىغانلىقىدا، بۇ بولسا پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئېڭىگە تارقالغان كېسەل بولۇپ ئۇنىڭغا ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ دەۋا قىلىدىغان ئەر ـ ئايال ھەر ـ بىر كىشىنىڭ دىققەت قىلىپ تۈزىتىشى بىلەن ئۇنىڭ دەۋاسىنى قىلىش كېرەك بولغان خەتەرلىك كېسەلدۇر ھەم جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ بىرلىشىدە ناھايىتى چوڭ ئورنىدىدۇر.

مۇشۇ نۇقتىدىكى ئۆسمۈرلەر بىلەن بولغان يالغانچىلىقنىڭ ئەك تۆۋەن دەرىجىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ‹‹ كىمكى كىچىك بالىغا ـ كىلە مانى ساڭا بېرىمەن، دىسە ئاندىن ئۇنىڭغا بىر نەرسە بەرمىسە. ئۇ (مانا مۇشۇ) بولسا يالغانچىلىقتۇر››.[1]

ۋە بۇ ھەدىسكە ئابدۇللا ئىبنى ئەمرى رەزەيەللاھۇئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىس شاھىددۇر. ئۇ ئېيتىدۇ: ‹‹ مەن كىچىك ۋاقتىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئۆيىگە كەلگەن ئىدى، سىرتقا ئوينىغىلى ماڭدىم، ئانام ـ ھەي ئابدۇللا، كېلە ساڭا بىر نەرسە بېرىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹‹ئۇنىڭغا نېمە بەرمەكچىدىڭىز؟›› دېۋىدى ئانام: ئۇنىڭغا خورما بەرمەكچىدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹‹ئەمما ئەگەر سىز ئۇنىڭغا بىر

[1]. ـ ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

نەرسە بەرمىگەن بولسىڭىز، سىزنىڭ ئۈستىڭىزگە يالغانچى دەپ يېزىلغان بولاتتى.››[1]

ئامانەتدارلىقنىڭ شەنى ناھايىتىمۇ ئۇلۇغدۇر.

بۇ توغرىدا اللہ ئۆز كىتابى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى بىز ئامانەتنى (يەنى پەرزلەرنى ۋە شەرىئەت تەكلىپلىرىنى)، ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەڭلىدۇق،ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئالمىدى. ئۇنىڭ(ئېغىرلىقى)دىن قورقتى. ئۇنى ئىنسان ئۈستىگە ئالدى، ئىنسان ھەقىقەتەن (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، ھەقىقەتەن نادانىدۇر. (مەزكۇر ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) مۇناپىق ئەرلەرنى، مۇناپىق ئاياللارنى، مۇشرىك ئەرلەرنى مۇشرىك ئاياللارنى اللہ ئازابلايدۇ، (مەزكۇر ئامانەتكە رىئايە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارنى اللہ ئەپۇ قىلىدۇ. (اللہ مۆمىنلەرگە) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ناھايىتى مېھرىباندۇر.﴾[2]

﴿شۈبھىسىزكى اللہ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. اللہ سىلەرگە نەسىھەت قىلغان ئىشلار نېمىدېگەن ياخشى اللہ ھەقىقەتەن (سۆزلىرىڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. (ئىشلىرىڭلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.﴾[3]

﴿ئى مۆمىنلەر اللہ غا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار.

[1] .ـئىمام ئەھمەد رىۋايىتى(بۇ ئالدىنقى ھەدىسكە شاھىددۇر)
[2] ـ سۈرە ئەھزاپ :72ـ 73ـ ئايەت.
[3] .ـ سۈرە نىسا :58 ـ ئايەت





سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار.﴾[1]

﴿(گۇناھ قىلىش بىلەن) ئۆزلىرىگە خىيانەت قىلغۇچىلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن، خىيانەتكە ئادەتلەنگەن، گۇناھقا چۆمگەن كىشىنى اللہ ھەقىقەتەن دۈست تۇتمايدۇ.﴾[2]

راستچىللىق بولسا ئامانەتدارلىقتىن چىققان بىر شاخچىدۇر ۋە ئۇنىڭ تولۇقلىغۇچىسىدىندۇر. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىدىن ئامانەت توغرىسىدا ھەدىس كەلگىنىدە ئۇ، راستچىللىق بىلەن بىرگە كەلگەن ۋە ئۇ ئىگىسىدىكى ئىماننىڭ ئالامەتلىرىدىن قىلىنىپ ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشكە بۇيرۇش بىلەن مۇناپىقلىقنىڭ ئالامەتلىرىدىن ساناپ ئۇنى تاشلاشقا ۋە ئۇنىڭدىن يىراق بولۇشقا بۇيرۇغان.

ئۇ توغرىدا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹مۇناپىقلارنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر: سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ ۋەدە قىلسا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ، ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ.››[3]

يەنە بىر رىۋايەتتە: ‹‹گەرچە ئۇ تېپىتىكى ئادەم ناماز ئوقۇسىمۇ ۋە روزا تۇتسىمۇ، ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ گۇمان قىلسىمۇ ئوخشاشلا مۇناپىقتۇر›› دېيىلگەن.

ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇئەنھۇ دىن رىۋايەت قىلىنغان

[1] ـ سۈرە ئەنفال :27ـ ئايەت.
[2] ـ سۈرە نىسا :107ـ ئايەت.
[3] .ـ سەھىھۇل بۇخارى :32ـنومۇرلۇق ھەدىس

ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹كىمدىكى بۇ تۆت خىل سۈپەت تېپىلسا،ئۇ ھەقىقىي مۇناپىقتۇر. كىمدىكى ئۇ سۈپەتلەرنىڭ بىرەرى تېپىلسا ۋە ئۇنى تاشلىمىسا ئۇ مۇناپىقلىقتا يېقىندۇر. 1) ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ. 2) سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ.3) ۋەدىگە ۋاپا قىلمايدۇ. 4) مۇنازىرلەشكەندە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايدۇ.››[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، راست سۆزلۈك بولۇش، گۈزەل خۇلق بىتەمە بولۇپ ھالال كەسىپ قىلىشتىن ئىبارەت تۆت خىسلەت بار. سەندە مۇشۇ تۆت خىسلەت بولۇپ، دۇنيالىقتىن باشقا نەرسەڭ بولمىسىمۇ پەرۋا قىلمىساڭ بولىدۇ. ››[2]

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆزىمىزنى ۋە ئۆسمۈرلىرىمىزنى ئامانەتدارلىق ئۈستىگە كۆندۈرۈش ۋە تەربىيىلەش بولسا بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى مەسئۇلىيەتلىرىمىزدىندۇر ۋە خىيانەت ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن ھەزەر قىلدۇرۇش بولسا. ئەگەر بىز ئۇلارنى كېڭەيتىپ ئېيتىدىغان بولساق ئۇلار ئىنسان ھوقۇقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى نەرسىلىرىنىڭ ساقلىنىشىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ.

تىلنى گۈزەل سۆزلەرگە تەربىيىلەش ۋە ناچار سۆزلەردىن يىراق قىلىش بولسا ئىسلامنىڭ ئاساسى بولغان قۇرئان ۋە سۈننەتتە ئىلھاملاندۇرغان ئېسىل ئەخلاقلاردىندۇر.

[1] ـ سەھىھۇل بۇخارى :33ـ نومۇرلۇق ھەدىس.
[2] .ـئەھمەد رىۋايىتى





الله ھەر بەندىسىگە ئىككى پەرىشتە قويغاندۇر، ئۇنىڭ بىرى ياخشىلىقلارنى، يەنى بىرى يامانلىقلارنى يازىدۇ. الله بەندىسىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، بىراق ئۇ بولسا ئۆز نەپسىدىن ئۆزىنىڭ نەپسىگە نازارەت قىلىش ئۈچۈندۇر.

بۇ توغرىدا الله مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىنسانىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ۋە سول تەرىپىدە ئولتۇرۇپ خاتىرىلەيدىغان ئىككى پەرىشتە بار، (ئىنسانىنىڭ سۆز ھەرىكىتى خاتىرىلىنىۋاتقان)ۋاقىتتا ئۇ قانداق بىر سۆزنى قىلمىسۇن ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان پەرىشتە ھازىر بولۇپ، كۈزىتىپ تۇرىدۇ.﴾[1]

ۋە ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىمان بىلەن ياخشى سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىنىڭ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزەيەللاھۇ ئەنھۇ دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ‹‹ الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى ياخشى سۆز قىلسۇن، ياكى جىم تۇرسۇن.››[2]

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزەيەللاھۇئەنھۇ دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ‹‹ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى قانداق قىلسام نىجات تاپىمەن، دەپ سورىغان ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: تىلىڭنى ساقلا، الله نىڭ ئىبادەتلىرىدىن ئۆيىڭدە ئولتۇرۇشقا سەۋەبچى بولىدىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغىن ۋە گۇناھىڭغا تۆۋە قىلىپ يىغلا، دېدى.››[3]

ئەگەر ئاتا ـ ئانا پەرزەنتلىرىنى تىل ـ ئاھانەتتىن خالىي

[1] ـ سۈرە قاف: ـ17 ـ18 ـ ئايەت.
[2] ـ سەھىھۇل بۇخارى:6110ـ نومۇرلۇق ھەدىس.
[3] .ـ تىرمىزى رىۋايىتى

تەربىيىلەشنى ئىرادە قىلسا تۆۋەندىكى تۆت ئىشنى ئېلىپ بېرىش كېرەك.

1 ـ ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلار قەبىھ سۆز ـ ھەرىكەتلەردىن يىراق بولىشى كېرەك. چۈنكى، ئۇلار پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئۈلگە بولغۇچىلاردۇر.

2 ـ پەرزەنتلەرگە قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتنىڭ تىلىنى ساقلاشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان خاس تېكىستلىرىنى ئۆگىتىش ۋە يادلىتىشتۇر.

خۇددى ئەبۇھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستىكىدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم سۆزىنىڭ قەيەرگە بېرىپ توختايدىغانلىقىنى ئويلانماستىنلا الله رازى بولىدىغان بىر سۆزنى قىلىپ سالىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن الله ئۇ كىشىگە تاكى ئۆزى بىلەن ئۇچرىشىدىغان كۈنگىچىلىك ئۆز رازىلىقىنى پۈتىۋېتىدۇ. بىر ئادەم سۆزىنىڭ قەيەرگە بېرىپ توختايدىغانلىقىنى ئويلانماستىنلا الله غەزەپلىنىدىغان بىر سۆزنى قىلىپ سالىدۇ ـ دە ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن الله ئۇ كىشىگە تاكى ئۆزى بىلەن ئۇچرىشىدىغان كۈنگىچىلىك ئۆز غەزىپىنى پۈتىۋېتىدۇ.»[①]

3 ـ ئۇلار ئەسكى، ناچار سۆزلەرنى قىلغاندا ئۇلارغا قاتتىق رەددىيە بېرىش.

4 ـ زەنتلىرىنىڭ لله نىڭ ھۇزۇرىدا دەرىجىلىرىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە الله نىڭ غەزىپىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن ئەسكى، ئەخلاقسىز ناچار دوستلاردىن يىراق بولىشى بىلەن ياخشى، ئېسىل ئەخلاقلىق دوستلارنى تاللاشقا يېتەكلەش. بەزى ئاتا ـ ئانىلار باركى، بالىنىڭ

① ـ سەھىھۇل بۇخارى :6113 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.





تىلى ئەمدىلا چىقىشقا باشلىغاندا، «دۆت»، «چوشقا» «ئاناڭنى» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلالىسا، باللىرىدىن پەخىرلىنىپ كېتىدۇ. بۇ ئەڭ بولمىغۇر بىر ئىش.

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىزگە ئەبۇ ئۇسامە بەردى دىن، ئۇ ئەبۇ مۇسا رەزەيەللاھۇئەنھۇ دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ: «ھەقىقەتەن ياخشى ھەمراھ بىلەن يامان ھەمراھنىڭ مىسالى ئىپار ساتقۇچى بىلەن تۆمۈرچىگە ئوخشايدۇ. ئىپار ساتقۇچىغا كەلسەك ئۇ ياكى ساڭا ئىپاردىن بېرىدۇ ياكى ساڭا سېتىپ بېرىدۇ ياكى ئۇنىڭ ياخشى پۇرىقىنى پۇرىۋالىسەن. تۆمۈرچىگە كەلسەك تۆمۈرچىنىڭ كۆپۈكچىسى ياكى گۈپىلا قىلىپ كىيىمىڭنى كۆيدۈرىۋېتىدۇ ياكى ئۇنىڭ سېسىق پۇرغىنى پۇرايسەن»[①]

## ئۆچىنچى نەپسى تەربىيەلەرگە چاقىرىش

نەپسى تەربىيەدە پەرزەنتنى جۈرئەتلىك، شىجائەتلىك بولۇش، چوڭ بولۇپ مەسئۇلىيەتلەرنى تۇرغۇزغىنىدا ياخشى تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنىڭدا مۇستەھكەم تۇرۇش بىلەن ئۆزىدە كەمچىللىكلىرىنى ھېس قىلدۇرماسلىق مەقسەت قىلىنىدۇ.

بۇ نەپسى كۆرۈنۈشلەرنىڭ مېۋىسى پەرزەنتلىرىنىڭ يېنىدىكى دۈشمەنلىرىگە ئىلاج قىلىش بىلەن تولۇقلىنىپ مېۋە بېرىدۇ. مىسالى: خىجىلچانلىق، قورقۇنچاقلىق، كەمچىللىك ھېس قىلىش (يەنى ئۆزىدە ناقىسلىق ھېس قىلىش)، ھەسەت ۋە ئۇلاردىن باشقىلىرى.

① ـ سەھىھۇل بۇخارى: 5534 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

خىجىلچانلىق: ئۇنى ئەگەر ئۆسمۈرگە ناتونۇش بىرسى گەپ قىلغىنىدا يا بىرەر ئىشنى ياكى ئۇنى باشقىلارنىڭ ماختىغىنىدا ئۇنىڭ بېشىنى ساڭگىلاتقىنى ياكى كۆزىنى يۇمغىنى ياكى ئانىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى تاشلىغىنىدا مۇلاھىزە قىلىش مۇمكىن. ئانا بالىسىنى ھەر ـ خىل ئوخشىمىغان تەبىقىدىكى كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت ۋە سۆھبەتلەر قىلىشىنى تەرغىب قىلىپ رىغبەتلەندۈرۈش بولسا بۇ نۇقتىنىڭ ناھايىتى چوڭ شەكلى ئىلاجىدۇر.

ھەقىقەتەن ساھابى ئىكراملار (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن) پەرزەنتلىرىنى سۆزدە، ئەدەبكە دىققەت قىلىش بىلەن بىرگە جۈرئەتلىك قىلىپ تەربىيىلەشكە ھېرىس بولغان ئىدى.

بۇ توغرىدا ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇئەنھۇ نىڭ ئوغلى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇئەنھۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرەخ توغرىدىكى سوئالىنىڭ جاۋابىدا شىجائەتلىك بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ قىلغان سۆزى بولسا بۇنىڭغا دەلىلدۇر؛ ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن دەرەخلەردىن بىر دەرەخ بار، ئۇنىڭ ياپرىقى بولسا چۈشمەيدۇ ۋە ھەقىقەتەن ئۇ بولسا مۇسۇلمانغا ئوخشاشتۇر، ماڭا ئۇنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار؟» كىشىلەر چۆل ـ جىلغىدىكى دەرەخلەرنىڭ ئىسمىنى ئېيتىشقا باشلىدى. ئابدۇللا مۇنداق دەيدۇ: كۆڭلۈمگە ھەقىقەتەن ئۇنىڭ خورما دەرىخى ئىكەنلىكى كەلدى، بىراق ئۇنى ئاغزىمدىن چىقىرىشقا خىجىل بولدۇم .ئاندىن ئۇلار ئېيتتى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ئۇنىڭ قايسى دەرەخ ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرسەڭكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «ئۇ بولسا خورما





دەرىخىدۇر»[1]

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر كۆڭلىگە كەلگەن نەرسە توغرىسىدا دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتىدۇ: «سېنىڭ ئۇنى خورما دەرىخى دەپ ئېيتىشىڭ بولسا ماڭا، مەن ئۈچۈن بىر قىزىل تۆگىنىڭ بولغاندىنمۇ سۆيۈملۈكرەك ئىدى.»[2]

2 ـ قورقۇنچاقلىق: ئاتا ـ ئانا بولغۇچى، ھەر تۈرلۈك ئاماللار بىلەن كۈچىنىڭ يېتىشىچە پەرزەنتلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش كېرەك، بىراق الله تائالادىن ۋە ئۇتەرەپتىن بولغىنى بولسا بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇپ بۇنى بولسا پەرزەنتلىرىنىڭ نەپسىدە يېتىلدۈرۈش زۆرۈردۇر.

ئۇ بولسا ۋەھىمە بولۇپ يارىتىلىشتىكى تەبئىي قورقۇش بولىدۇ. مىسلى: يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قورقۇش، ياكى ئېگىزدىن يىقىلىپ چۈشۈشتىن قورقۇشقاتارلىقلار ۋە پەرزەنتلىرىنى ئۇلاردىن ھىمايە قىلىش بولسا، تەلەپ قىلىنىدىغان مەسئۇلىيەتتۇر.ھەھىمە تەبئىي قورقۇشنىڭ سىرتىدا بولىدۇ ۋە ئۇ بولسا پەرزەنتنىڭ نەپسىدىكى خاتىرجەمسىزلىك دېلىغۇللۇقتا سەۋەب بولىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن خاسسەتەن ئانىنىڭ پەرزەنتلىرىگە جىن ـ شاياتۇن، ئالۋاستىلارنىڭ قورقۇنچلۇق ھېكايىلىرىنى ئېيتىپ بېرىش ياكى «پالانى كەلدى، سېنى بېرىۋېتىمەن، سېتىۋېتىمەن. كېسىۋالىدۇ» دېگەندەك سۆزلەرنى ئېيتىشتۇر.

بۇلارنىڭ ھەممىسى بولسا ئانا تەرەپتىن پەرزەنتنىڭ نەپسىدە

[1] ـ سەھىھۇل بۇخارى :61ـ نومۇرلۇق ھەدىس.
[2] ـ فەتھۇل بارى ـ1(7 4 1)

اللە تاالله غا بولغان ئىمانىنى كۈچەيتىش بىلەن ئۇلاردىن يىراقلىشىش ناھايىتى مۇھىم بولغان مەسىلىلەردۇر.

3 ـ كەمچىللىك ھېس قىلىش (يەنى نەپسىدە ناقىسلىق ھېس قىلىش) ئۇ بولسا نەپسىدىكى ناھايىتى خەتەرلىك ھادىسىلەردىن بولۇپ، ئۇ پەرزەنتنىڭ نەپسىدە تەرەققىي قىلىشتىن بۇرۇن ئىلاجىنى قىلىش زۆرۈردۇر. ئۇنىڭ سەۋەبلىرى بولسا مىسلى: كەمسىتىش، ئاھانەت قىلىش، مەسخىرە قىلىش، پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدا بەزىسىنى ـ بەزىسىدىن ئارتۇق كۆرۈش.. ۋە ئۇنىڭدىن باشقا گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتلەر ۋە خاسسەتەن ئۇلارنىڭ كۆرۈنەرلىك شەكىلدە داۋاملىق تەكرارلىنىشىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن، كەمسىتىش توغرىسىدا بىر ئايالنىڭ يەنە بىر ئايالنى كەمستىشىدىن توسۇپ مۇنداق دېگەن: قوشنا ئايال قوشنا ئايالنى كەمستمىسۇن ۋە ھەتتا كۆرۈمسىز(سەت) لىكىگە قاراپ بولسىمۇ (كەمستمىسۇن)!››[1]

ئۇلاردىن مەسخىرە قىلىش، ئەيىبلەش توغرىسىدا اللە تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر ! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (اللە نىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆز ـ ئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (اللە نىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولىشى مۇمكىن، بىر ـ بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن

[1]. ـ سەھىھۇل بۇخارى ـ 2566 ـ نومۇرلۇق ھەدىس





چاقىرماڭلار، ئىماندىن كېيىن پىسقى بىلەن ئاتاش (يەنى مۆمىننى پاسىق) دەپ ئاتاش نېمىدېگەن يامان !(مۇنداق نەھيي قىلىنغان ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر.﴾[1]

ئۇلاردىن پەرزەنتلىرىنىڭ بەزىسىنى ـ بەزىسىدىن ئارتۇق كۆرۈش توغرىسىدا بەشىرنىڭ ئوغلى نوئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇنىڭ دادىسى ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىپ: مەن ئوغلۇمغا مېنىڭ خىزمەتكارىمنى بەردىم دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹‹سەن بالىلىرىڭنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇنداق خىزمەتكار بەردىڭمۇ؟›› دېدى. ئۇ: ياق، دېدى.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹‹ئۇنى قايتۇرۇۋالغىن›› دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹‹بالىلىرىڭنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇنداق قىلدىڭمۇ؟›› دېۋىدى. ئۇ: ياق، دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹‹اللە دىن قورقۇڭلار، بالىلىرىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادىل بۇلۇڭلار›› دېدى، دادام كېلىپ ئاشۇ سەدىقىسىنى قايتۇرۇۋالدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹‹ھەي بەشىر! بۇنىڭدىن باشقا بالىلىرىڭ بارمۇ؟›› دېۋىدى. ئۇ: ھەئە، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹‹ئۇنداقتا مېنى گۇۋاھلىققا تارتمىغىن، چۈنكى مەن زۇلۇمغا گۇۋاھ بولمايمەن›› دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە: بۇنىڭغا مېنى گۇۋاھلىققا تارتما دەپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ساڭا ياخشىلىق قىلىشتا باراۋەر بولۇشى سېنى

[1] ـ سۈرە ھۇجۇرات :11 ـ ئايەت.

خۇشال قىلامدۇ؟ دېدى ئۇ: شۇنداق دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹‹ئۇنداقتا ئۇنىڭغا ئايرىم نەرسە بەرمىگىن›› دېدى.[1]

ئۇنىڭ ئىلاجى بولسا ئىنسانىيەت ۋۇجۇدىدىكى ھۆرمەت، ئابرۇي، - قىممىتى توغرىسىدىكى ئىسلامى تەلىملەرنى داۋاملاشتۇرۇش. مىسلى: بۇ توغرىدىكى الله تائالا نىڭ سۆزى ﴿شەك - شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۇردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق. ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۇستۈن قىلدۇق.﴾[2]

﴿پەرۋەردىگارى ئىنسانىنى سىناپ ئەزىز قىلسا ۋە ئۇنىڭغا نېمەت بەرسە، ئۇ: ‹‹پەرۋەردىگارىم مېنى ئەزىز قىلدى›› دەيدۇ. پەرۋەردىگارى ئىنسانىنى سىناپ رىزقىنى تارقىلسا، ئۇ: ‹‹پەرۋەردىگارىم مېنى خار قىلدى›› دەيدۇ﴾[3] دېگەنگە ئوخشاش تەلىملەرنى ئېلىپ بېرىش ۋە بۇلار بىلەن بىرگە ئۇنىڭ بىلەن ئادىل، ھەق، باراۋەر... مۇئامىلە قىلىشلاردۇر.

## تۆتىنچى ئىجتىمائىي تەربىيلەرگە چاقىرىش

بۇ بولسا پەرزەنتلەر ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن، كىچىكلىكىدىن تارتىپ ئىسلام ئىجتىمائىي ئەخلاقلىرى بىلەن ئەدەب - ئەخلاقلىق تەربىيىلەشتۇر. بۇ توغرىدىكى تەربىيە ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ناھايىتى مۇھىم بولغان مەسىلىلەر ۋە مەسئۇلىيەتلەردىندۇر ۋە

[1] - بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
[2] - سۈرە ئىسرا :70 - ئايەت.
[3] - سۈرە فەجر :15 - 16 - ئايەت.





بۇنىڭغا بولسا يۇقىرىدا ئۆتكەن ھەر تۈرلۈك تەربىيىلەرنىڭ پەزىلەتلەرنىڭ بارلىقى (ھەممىسى) توپلانغاندۇر ۋە بۇنىڭدا ھەم يۇقىرىقىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈنۈمى ئاشكارىلىنىدۇ.

ئىجتىمائىي تەربىيە بولسا نەپسى تەربىيە بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرلىك نۇقتىسى باردۇر ۋە خاسسەتەن ئىجتىمائىي خاراكتېرگە ئىگە نەپسى ئامىللاردا، مىسلى: تەقۋالىق، قېرىنداشلىق، رەھىمدىللىك، ھۆرمەتلەش، كەچۈرۈش... ئۇنىڭدىن باشقا ئامىللاردا ۋە ئۇلارغا ھەم، يېقىن - يىراقلىقى، دوست - بۇرادەرلىكى، پەزىلىتى، ئۆمرى، قوشنىلىرى... غا، قاراپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ھەققىگە دىققەت قىلىشلار كىرىدۇ.

ئىجتىمائىي تەربىيەنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنبەلىرى بولسا پەرزەنتلەرنى ئوقۇتۇش ۋە ئۇلارنى سالام ئەدەبلەرگە (ئۇ بولسىمۇ ئىسلام ئېلىپ كەلگەن ھال سوراش سۆزىدۇر). رۇخسەت سوراش ئەدەبلىرىگە، ئولتۇرۇش (سورۇن، مەجلىس) ۋە گەپ - سۆز ئەدەبلەرگە، چۈشكۈرۈش ئەدەبلىرىگە، يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەك ئەدەبلىرىگە كۆندۈرۈشتۇر.

ئىجتىمائىي تەربىيە بىلەن نەپسى تەربىيە ئوتتۇرىسىدا بىرلىك نۇقتىسى بار مەسىلىلەردىن تەقۋادارلىق توغرىسىدا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان) ھەر بىر ئۈممەتنىڭ (ھالاك بولىدىغان) مۇئەييەن ۋاقتى بولىدۇ. (ھالاك بولىدىغان) ۋاقتى يەتكەندە ئۇلار بىردەممۇ ئىلگىرى كېيىن بولمايدۇ. (يەنى دەرھال بولىدۇ.) ئى ئادەم باللىرى! ئىچىڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى سىلەرگە بايان قىلىپ بېرىدىغان پەيغەمبەرلىرىم كەلگەندە، تەقۋادارلىقى قىلغان ۋە (ئەمەلىنى)

تۈزەتكەنلەرگە (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر.﴾[1]

ئۇلاردىن قېرىنداشلىق توغرىسىدا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەممىڭلار الله نىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى الله نىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار، (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار) الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، الله دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى. الله نىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار. سىلەر دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار الله سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن الله ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ.﴾[2]

رەھىمدىللىك توغرىسىدا الله مۇنداق دەيدۇ: «الله نىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ، ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن، (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ الله غا تەۋەككۇل قىلغىن، الله ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.»[3]

ھۆرمەتلەش توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ:

---

[1] ـ سۈرە ئەئراف :34 ـ 35 ـ ئايەت.
[2] ـ سۈرە ئال ئىمران :103 ـ ئايەت.
[3] ـ سۈرە ئال ئىمران :159 ـ ئايەت.





«ياش ئادەم بىرەر ياشانغان كىشىنى ياشانغانلىقى ئۈچۈن ھۆرمەت قىلسىلا، الله ئۇنىڭغا ياشانغاندا ئۇنى ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەمنى مۇيەسسەر قىلىدۇ.» [1]

ئەپۇچانلىق توغرىسىدا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(دۇنيانى نېمەتلىرىدىن) سىلەرگە بېرىلگەن ھەرقانداق نەرسە دۇنيا تىرىكچىلىكىدە پايدىلىنىدىغان نەرسىدۇر. ئىمان ئېيتقان پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرگە، گۇناھى كەبىرىلەردىن، قەبىھ ئىشلاردىن ساقلانغۇچىلارغا، دەرغەزەپ بولغانلىرىدا كەچۈرەلەيدىغانلارغا، پەرۋەردىگارىنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشالايدىغانلارغا، نامازنى(تەئدىل ئەركان بىلەن) قىلىدىغانلارغا، ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلارغا، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن سەدىقە قىلىدىغانلارغا،ئۇچرىغان زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغانلارغا، الله نىڭ ھۇزۇرىدىكى ساۋاب تېخىمۇ ياخشىدۇر، تېخىمۇ باقىيدۇر﴾.[2]

ئىجتىمائىي تەربىيەنىڭ مۇھىم مەنبەلىرىدىن بولغان سالام ۋە رۇخسەت (ئىزىن) سوراش توغرىسىدا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار (يەنى بىر كىشى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ دەڭلار.) ياكى ئۇنىڭ سالامىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار. (يەنى ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام دەڭلار). الله ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىدىن (يەنى بەندىلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىدىن)ھېساب

---

[1] . ـ تىرمىزى رىۋايىتى
[2] ـ سۈرە شۇرا :36 ـ 39 ـ ئايەت.

ئالغۇچىدۇر.﴾[1]

﴿ئى مۆمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۇيي ئىگىسىگە سالام بەرمىگۈچە كىرمەڭلار ۋەز ـ نەسىھەت ئىلىشىڭلار، (يەنى بۇ گۈزەل ئەخلاق ـ ئەدەبكە ئەمەل قىلىشىڭلار) ئۈچۈن بۇ (يەنى ئىجازەت سوراپ ۋە سالام بېرىپ كىرىش ئۇشتۇمتۇت كىرىشتىن) سىلەرگە ياخشىدۇر. ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھېچ ئادەم بولمىسا سىلەرگە ئىجازەت بېرىلمىگۈچە كىرمەڭلار، ئەگەر سىلەرگە قايتىڭلار دېيىلسە قايتىپ كېتىڭلار، قايتىپ كېتىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، الله سىلەرنىڭ قىلىدىغان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. شەخسى تۇرالغۇ بولمىغان (يەنى دۇكان، سارايلارغا ئوخشاش) ئۆيلەرگە ھاجىتىڭلار چۈشۈپ كىرسەڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوقتۇر، الله سىلەرنىڭ ئاشكارىلىغىنىڭلارنىمۇ، يوشۇرغىنىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ.﴾[2]

ۋە ئۇلاردىن ئولتۇرۇش ئەدەبلىرى توغرىسىدا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ئى مۆمىنلەر ! ئەگەر (سورۇندا) بەزىلەر سىلەرگە: ‹‹ ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار ›› دىسە، ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار الله سىلەرگە (رەھمىتىنى ۋە جەننىتىنى) كېڭەيتىپ بېرىدۇ، ئەگەر سىلەرگە (باشقىلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىش ئۈچۈن): ‹‹ ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار ›› دېيىلسە، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار الله سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. الله سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان

[1] ـ سۈرە نىسا: 86 ـ ئايەت.
[2] ـ سۈرە نۇر :27 ـ 29 ـ ئايەت.





ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾[1]

تىل ئەدەبلىرى توغرىسىدا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار ياخشى سۆزلەرنى قىلسۇن شۇبھىسىزكى، شەيتان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پىتنە قوزغايدۇ. شەيتان ئىنسانغا ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر﴾[2]

ۋە بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ‹‹مۆمىن ئادەم كىشىلەرگە تىل تەگكۈزمەيدۇ، كىشىلەرنى تىللىمايدۇ، يامان سۆز قىلمايدۇ ۋە سۈرەن سالمايدۇ.›› [3]

مۇسىبەت ئەدەپلىرى توغرىسىدا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا ئۇلار: ‹‹بىز ئەلۋەتتە الله نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى الله نىڭ بەندىلىرىمىز) چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز›› دەيدۇ﴾[4]

ۋە بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: ‹‹الله تائالا ئېيتىدۇركى: مېنىڭ مۆمىن بەندەمنىڭ دۇنيادىكى يېقىن ئادىمىنى قەبزى روھ قىلسام، ئۇ مېنىڭ ساۋاب بېرىشىمنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇنىڭغا سەۋر قىلسا ئۇنى، جەننەت بىلەنلا مۇكاپاتلايمەن››[5]

ۋە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇتىن رىۋايەت

[1] ـ سۈرە مۇجادەلە :11 ـ ئايەت
[2] ـ سۈرە ئىسرا :53 ـ ئايەت.
[3] . ـ مۇسلىم رىۋايىتى
[4] ـ سۈرە بەقەرە :156 ـ ئايەت.
[5] . ـ بۇخارى رىۋايىتى

قىلىنغىنىدا مۇنداق دەيدۇ: ‹‹ ئۆلگەن ئادەم قەبرىدە ئۇنىڭغا باشقىلار ئۇن سىلىپ يىغلىغانلىق سەۋەبلىك ئازاب چېكىدۇ››[1] ۋە ئەبۇسەلەمەنىڭ قىزى زەينەپ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ‹‹جەھشىنىڭ قىزى زەينەپنىڭ قېرىندىشى ئۆلۈپ كەتكەن چاغدا، ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەن ئىدىم، زەينەپ خۇش پۇراقنى ئەكەلدۈرۈپ ئىشلەتتى ئاندىن مۇنداق دېدى: ‹‹اللە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ خۇش پۇراققا ھاجىتىم يوق ئىدى، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ: ‹‹ اللە غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ئايالنىڭ ئۆلۈككە ئۈچ كېچە كۈندۈزدىن ئارتۇق ھازا تۇتۇشى دۇرۇس ئەمەس ئەمما ئېرى ئۆلگەن بولسا ئۇنىڭغا تۆت ئاي ئون كۈن ھازا تۇتسا بولىدۇ›› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم››[2]

چۈشكۈرۈش ۋە كېسەل يوقلاش ئەدەبلىرى توغرىسىدا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹‹مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان ئۈستىدە ئالتە تۈرلۈك ھەققى بار›› دېگەندە ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى ئۇلار قايسىلار ؟ دېگۈچىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹‹ئۇز ـ ئارا ئۇچراشقاندا سالام بەرگىن، سېنى تاماققا چاقىرسا چاقىرىقى قوبۇل قىلغىن، سەندىن نەسىھەت تەلەپ قىلسا نەسىھەت قىلىپ قويغىن، چۈشكۈرتۈپ ئەلھەمدۇلىللاھ دېسە يەرھەمۇكاللا دېگىن، كېسەل بولسا ئۇنى يوقلىقىنى، ئۆلسە جىنازىسى ئارقىدىن بارغىن›› دېدى.[3]

ۋە ئۇلاردىن يېمەك ـ ئىچمەك ئەدەبلىرى توغرىسىدا، ئۆمەر

---

[1] . ـ مۇسلىم رىۋايىتى
[2] . ـ بۇخارى رىۋايىتى
[3] ـ مۇسلىم رىۋايىتى.





ئىبنى ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيىسىدە تۇرۇۋاتقان بالا ئىدىم، تاماق يەۋاتقان ۋاقىتتا قولۇم تاۋاقنىڭ ھەممە يېرىدە چېپىپ يۈرەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹‹ئى بالام تاماق يېگەندە بىسمىللاھ (اللە نىڭ نامى بىلەن باشلايمەن) دەپ، ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئالدىدىن يېگىن›› دېدى.[1]

كىيىم ـ كېچەك ئەدەبلىرى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ‹‹سىلەر كىيىم ـ كىيگەندە ۋە تاھارەت ئالغاندا ئوڭ تەرىپىڭلاردىن باشلاڭلار.››[2]

ئىبنى ئابباس رەزەيەللاھۇئەنھۇما رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللاردەك بولىۋالغان ئەرلەرگە ۋە ئەرلەردەك بولىۋالغان ئاياللارغا لەنەت قىلغان.[3]

ئۇلار بىلەن بىرگە، ھەر بىر ئىشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان دۇئالارنى يادلىتىش ۋە زىكىر قىلدۇرۇش بىلەن ھەر بىر نېمەت بېرىلگەندە ئۇنىڭ ئۈستىدىن اللە قا ھەمدە ۋە سانالارنى ئېيتىشتۇر ۋە شۇنداقلا قىزغا ھىجاپ ئەھكاملىرى ۋاجىپ بولىغىنىدا ئۇنى ئۇنىڭغا لازىم تۇتۇش ۋە كۆندۈرۈشتۇر.

بۇ توغرىدا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، پۈركەنجىسى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن، بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ

---

[1] . ـ بىرلىككە كەلگەن ھەدىس
[2] ـ ئەسھابۇسسۇنەن.
[3] . ـ بۇخارى رىۋايىتى

(هۆر ئايااللار ئىكەنلىكى) ئەڭ ئوڭاي تونۇلىدۇ ـ دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ. الله (بەندىلەرگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾.[1]

## بەشىنچى جىسمانىي تەربىيەرگە چاقىرىش

ھەقىقەتەن ئىسلام ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن ئۇلارنى جىسمىدا كۈچلۈك بولۇشقا ۋە بەدەنىنىڭ سالامەت بولۇشىغا ھەر تەرەپتىن ئىلھاملاندۇردى ۋە كۆڭۈل بۆلدى، ئەگەر بىز الله تائالانىڭ ئۆز پەزلى بىلەن ئىنسانىنىڭ تۇنجى غىزاسىنى ئانىنىڭ كۆكسىدىكى سۈت بىلەن قىلغانلىقى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولساق، ئۇنىڭ، جىسمىنىڭ كۈچلۈك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، ئۇنى تولۇق ئېمىتىشنىڭ ناھايىتى پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. بۇ توغرىدا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئانىلار (بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم. ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك. كىشى پەقەت قولىدىن كېلىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىنىدۇ.ئانىنى بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق ئاتىنىمۇ بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق لازىم. (ئەگەر ئاتا ئۆلۈپ كەتسە)ئۇنىڭ ۋارىسى ئاتىغا ئوخشاش مەسئۇلىيەتنى (يەنى ئانا بولغۇچىغا نە پىقە بېرىش ۋە ئۇنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش قاتارلىقلارنى) ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.[2]﴾

ۋە بۇ توغرىدا دادىلار ئانىلارنىڭ ئۇلارغا ياخشى تاماق بېرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ئامانەتنى ئادا قىلىشتا ئۇلارغا

[1] ـ سۈرە ئەھزاب :59 ـ ئايەت.
[2] ـ سۈرە بەقەرە:233 ـ ئايەت.





يارەدەمدە بولىشى كېرەك ۋە ئۇلار(ئانىلار) مۇ ئۇلارغا ھارام ياكى شەكلىك (شۈبھە) نەرسىلەرنى يىگۈزمەسلىكى ۋە ئۇنىداق نەرسىلەرنىڭ ئۇلارغا بولماسلىقى ئۈچۈن ھەر زامان ھۇشيار تۇرۇشى كېرەك. شۇنداقلا يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئەسلىنى تەكشۈرۈپ، توغرىلاپ تۇرۇشى ۋە ئۇلارغا، مۇشۇ نەرسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان نېمەتنى بۇزۇپ ـ چاچماسلىق، ھاجىتىدىن زىيادە نەرسىلەرنى بۇزۇپ چاچماسلىق، الله نىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش قاتارلىق ئىشلاردا ئىسلامىي ئەدەبلەرنى ئۆگىتىش كېرەك. بۇ توغرىدا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئادەم باللىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرەتىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، الله ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ.﴾[1]

ۋە شۇنداقلا ھەر بىر جىنس رۇخسەت قىلىنغان تەنھەرىكەتلەرنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ كەلگىنىنى مەشىق قىلىش مۇستەھەپتۇر. مىسلى: يۈگۈرۈش، مۇسابىقىلىشىش، چېلىشىش، قاتارلىقلار، يۇقىرىدىكى ھەر تۈرلۈك تەنھەرىكەتلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان ۋە ساھابى ئىكراملاردىن (الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن) سابىت بولغاندۇر.

ئۇنىڭ دەلىللىرىدىن، ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزەيەللاھۇئەنھۇنىڭ قىزى مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن بىرى بولغان ئائىشە رەزەيەللاھۇئەنھا ئانىمىزدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن، بىر

[1] ـ سۈرە ئەئراف :31 ـ ئايەت.

سەپەردە بىرگە بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: «ئىلگىرى مېڭىۋىرىڭلار» دەيدۇ ئاندىن ئائىشە ئانىمىزغا: «كېلىك سىز بىلەن مۇسابىقىلىشىمەن» دەيدۇ. ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز: مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇسابىقلەشتىم ۋە يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن كېيىن يەنە بىر قېتىم سەپەرگە بىرگە چىققان ۋاقتىمدا، ئۇ ساھابىلىرىغا: «ئىلگىرى مېڭىۋىرىڭلار»، دېگەندىن كېيىن: «كېلىك سىز بىلەن مۇسابىقلىشىمەن» ئۆتكەندە سىز مېنى يېڭىۋالغان ئىدىڭىز » دېدى. بۇ چاغلاردا مەن سەمرىپ قالغان ئىدىم.[1] شۇنىڭ بىلەن: مەن بۇ ھالدا سىز بىلەن قانداقمۇ مۇسابىقلىشىمەن ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «چوقۇم مۇسابىقلىشىسىز» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇسابىقلەشتىم، ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتۈپ كەتتى ۋە ئېيتتى: «بۇ بولسا ئۇ مۇسابىقە بىز تەڭلەشتۇق».[2]

ئەمما چېلىشىش، بولسا ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇكانە بىلەن چېلىشىپ ئۇنى يېڭىۋالغانلىقى سابىتتۇر.

رۇكانەنىڭ ئوغلى ئەلى، ئەلىنىڭ ئوغلى مۇھەممەت، مۇھەممەتنىڭ ئوغلى ئەبى جەئفەر، دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ،: ھەقىقەتەن رۇكانە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چېلىشقان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يېڭىۋالغان.[3]

[1] ـ يەنى سەمرىپ ئېغىرلىشىپ قالدىم.
[2] ـ ئەبىي داۋۇد رىۋايىتى:2578 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.
[3] ـ ئەبىي داۋۇد رىۋايىتى :4078 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.





پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن ساھابىلارنىڭ ئوتتۇرسىدىكى چېلىشىشقا قوشۇلغاندۇر: ئىبنى ھىشام مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەمراتۇ ئىبنى جەندەپ بىلەن رافى ئىبنى خەدىجە، ئىككىسىنى قايتۇرغىنىدىن كېيىن رۇخسەت قىلدى، ئۇلار بولسا ئون بەش ياشتا ئىدى. بۇ توغرىدا ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىلگەن ئىدى: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ھەقىقەتەن رافئى بولسا ياچاقچىدۇر، ئاندىن ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى ۋە رافئىگە رۇخسەت قىلىنغىنىدىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئېيتىلدى: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ھەقىقەتەن سەمرە بولسا رافئىنى چېلىشتا يېڭىۋالالايدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇخسەت قىلىدۇ[1].

## ئالتىنچى بالاغەت ھۆكۈملىرىنى ئۆگىتىشكە چاقىرىش

ھەقىقەتەن بالاغەت ئەھكاملىرىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى مۇسۇلمان ئەر ۋە ئايالنىڭ ھاياتى تۇرمۇشىدا ئۆگىتىش ناھايىتى مۇھىم، زۆرۈر بولغان مەسئۇلىيەتتۇر ۋە ئۇنىڭ ئۇستىگە ھېسسىي ۋە مەنىۋى پاكلىققا مۇناسىۋەتلىك بولغان پىقھى ئەھكاملارنى تۇرغۇزۇش،

بالاغەتكە ئېھتىلامغا، ھەيزگە، نىپاسقا (يەنى كۆزى يورۇش، يەڭگىش) مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋە زىنا، پاھىشىگە چۈشۈپ قالىدىغان ئەمەللەردىن ئېھتىيات قىلىش بىلەن يۈز ـ ئابرۇي، شان ـ شەرەپىنى قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق نەسىھەت ۋە بىلىملەرنى خىجىل بولماستىن ھەر تۈرلۈك يوللار بىلەن ئۇلارغا ئۆگىتىش زۆرۈردۇر.

[1] ـ ئەررەۋدۇ لئەنق فى تەفسىير سىيرەتىننەبەۋىيىە:ئىبنى ھىشام\ئىمام ئابدۇرراھمان ئەسسۇھەيلىي نىڭ گە قاراڭ.

ھەقىقەتەن قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىدە ئۇلارنىڭ خەتىرىدىن ئېھتىيات قىلىشقا چاقىرىدىغان دەلىللەر ناھايىتىمۇ كۆپتۇر.

بالاغەت ئەھكاملىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىلەرنى ئىلمىي ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىنساننىڭ تەبىئىتى ھەر زامان ئۇستىدە تۇرۇشقا چاقىرىدىغان توغرا يول بىلەن ئۇلارنىڭ قالايمىقان جىنسىي ئاسارەتلەردىن يىراقلاشتۇرۇش بىلەن ئۇلارنى شەرىئەت يولىغا قويۇپ بەرگەن، شەرئىيي توي قىلىش يولىغا چاقىرىش بىلەن ئۇلارنىڭ داۋاسىنى يىلتىزىدىن قىلىش كېرەك.

ۋە ھەقىقەتەن ئىسلام بولسا يۇقىرىقى غەرەزلەرنى بىخەتەر كاپالەتلىك يول بىلەن چەكلەپ دائىرىگە ئالدى. ئۇ بولسىمۇ مۆمىن ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ﷲ تائالا ھارام قىلغان كىشىلەردىن كۆزنى يىراق تۇتىشىدۇر.

ﷲ تائالا ئەرلەرنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن: ﴿مۆمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، ﷲ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾[1]

ﷲ سۇبھانەھ ئاياللارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن: ﴿مۆمىنەلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن﴾[2] دەپ ئېيتقان.

[1] ـ سۈرە نۇر :30 ـ ئايەت.
[2] ـ سۈرە نۇر :31 ـ ئايەت.





ھەقىقەتەن بۇ رەببانى بۇيرۇقلار مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارنىڭ كۆزلىرى، ئۇلارنىڭ غەرەزلىرىنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەب بولۇپ قىلىشىدىن ساقلاش بىلەن ئۇلارنى ھارام يولدىن ھىمايە قىلىپ، ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىدە ھېچبىر شەك يوقتۇر.

ئىسلام بولسا پەرزەنتلەرنى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقاندا قىڭغىر كەتكەن قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەتنى تۈزىتىپ توغرا يولغا سېلىش بىلەن ئۇ توغرىدا تەربىيىلەشنى ئاتا ـ ئانا ياكى ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئورنىدا بولغۇچىلارنىڭ ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتلەردىن قىلدى.

ھەم ئىسلام، شۇنىڭغا ئوخشاش جىنسىي مەسىلىلەردە زاماننىڭ ئۆتىشى بىلەن بالىنىڭ ئۆمرىگە قاراپ تەدرىجىي يېتەكلەشكە چاقىردى، ئۇ بولسىمۇ جىنسىي مەسىلىلەرنى تەدرىجىي تونۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي جىنسىي مۇناسىۋەتتىن چۈچۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن دادىلارنىڭ ياكى ئانىلارنىڭ بۇ مەسىلىلەرنى شەرھلەپ چۈشەندۈرۈشنى پەرزەنتلىرىنىڭ دوست ياكى ھەمراھلىرىگە تاشلاپ قويماسلىقى، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقىقەتنى خاتا چۈشىنىۋېلىپ رەزىل، پاسىق، ناچار يوللاردا مېڭىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھوشيار تورىشى كېرەك. ئىسلام ئۆلىمالىرى ھەقىقەتەن بۇ مەسىلىلەرنى ئوچۇقلاشتۇردى. ئۇنى ھەر بىر مەسىلە ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، ئەگىشىش زۆرۈر بولغان شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ۋە ئەدەبلىرىنى زىكىر قىلىش بىلەن ئىنسان جىنسىي ھاياتىدا بېسىپ ئۆتىدىغان دەۋرلەرنى زىكىر قىلىش بىلەن ئۇزۇل ـ كېسىل شەرھلىگەندۇر، بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

**1 ـ باسقۇچ ئۆسمۈرلەرنىڭ مەلۇم ۋاقىتلاردا رۇخسەت (ئىزىن)**

سوراش يېشى. بۇ توغرىدا الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار، چۆرىلىرىڭلار ۋە ئىچىڭلاردىكى بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلار ناماز بامداتتىن بۇرۇن، چۈشتە (ئۇخلاش ئۇچۇن) كىيىمىڭلارنى سالغان چېغىڭلاردا ۋە خۇپتەندىن كېيىن (مۇشۇنداق) ئۈچ ۋاقىتتا (يېنىڭلارغا كىرسە) سىلەردىن ئىجازەت سورىسۇن﴾[1].

2 ـ باسقۇچ: ياتاقلىرىنى ئايرىش يېشى، ھەر بىر ئۆسمۈرنىڭ يېشى ئونغا يەتكەندە ھەر بىرىگە خاس كۆرپە قىلىش ۋە ھەر بىر جىنستىكىلەرگە مۇستەقىل ياتاق ئۆي قىلىشتۇر.[2]

بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمرىنى شۇ ئەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېگەن: ‹‹بالىلىرىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇلارنى نامازغا بۇيرۇڭلار، ئۇلار ئون ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇمىسا ئۇلارنى ئۇرۇڭلار ۋە ياتىدىغان جايىنى ئايرىم قىلىڭلار››.[3]

3 ـ باسقۇچ: مۇتلەق رۇخسەت (ئىزىن) سوراش، بۇ بولسا بالاغەتكە يەتكەنلەر ئۈچۈندۇر. الله تائالا بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىچىك بالىلىرىڭلار بالاغەتكە يەتكەندە، ئۇلار ئىلگىرىكىلەر (يەنى چوڭلار كىرىشتە) ئىجازەت سورىغاندەك (ئۆيگە كىرىشتە

[1] ـ سۈرە نۇر :58 ـ ئايەت.
[2] ـ ياتاقنى ئايرىم قىلىش تەكلىپى بولسا شان ـ شەرەپ، ئىپپەت ـ نومۇس ۋە پەزىلەتلەرنىڭ قوغدىلىنىشى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئە لەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن مېڭىشتۇر. ئەگەر ئايرىم ياتاقتا شارائىت بولمىسا، چوقۇم بىر ئۆينىڭ ئىچىدە بولسىمۇ ياغاچ ياكى رەختتىن پەردە قىلىپ بېرىش كېرەك. ئۇ بولسىمۇ ھەر بىر جىنسنىڭ ئۇخلاش ئۆيىنىڭ ئايرىلىپ تۇرىشى ئۈچۈندۇر.
[3] ـ ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.





ھەممە ۋاقىت)ئىجازەت سورىسۇن﴾[1].

بۇ باسقۇچتا بالاغەتكە يەتكەنلىك ئالامەتلىرى زاھىر بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدا ئايالىنىڭكىدىن، ئەرنىڭ پەرقلىنىدۇ، ئايال كىشىنىڭ بولسا خاس ئالامەتلىرىنىڭ زاھىر بولىشى بىلەن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن ھەيز كېلىشىدەك ۋە بۇ يېشىدا بولسا يات ئەرلەردىن ئۆزنى ھىجاپقا ئېلىش كېرەك ۋە چوقۇم (قىز) پەرقلەنگەن يېشىدىن كېيىن ئۇلار (يەنى ئەرلەر) بىلەن ئۇچرىشىشتىن بۇرۇن ھىجاپقا ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك.مۇسۇلمان جەمئىيىتىدە دىيانەتلىك، ئىپپەتلىك بولغان ھالەتتە شەرئى كىيىملەرنى كىيىش بىلەن شەرىئەت ئەھكاملىرىغا بويسۇنغان ھالەتتە يۈرۈشى كېرەك. بۇ بولسا ھەر بىر ئەر ـ ئايال مۇسۇلماندىن، ھەتتا ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ياكى خىزمەتتىكى ئورنىنىڭ جىنسىي غەرەزلەرنى پەيدا قىلىدىغان سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىدىن يىراق بولغان تەقدىردىمۇ ۋە شۇنداقلا تارقىتىش ئورگانلىرى ۋە ياكى تېلېۋىزور ئىستانسىسى، رادىئو ئىستانسىسى ۋە باسمىخانا قاتارلىق بارلىق ئاخبارات، خەۋەر تارقىتىش ئورگانلىرىدىكىلەرگىمۇ قىلىنغان تەلەپتۇر.

ۋە ئىسلام ھەقىقەتەن ئىنساننىڭ مۇشۇ ئۆمرىدە ئۇنىڭ ئەر ـ ئاياللىق ھاياتىنىڭ يۈكلىرىنى كۆتۈرۈشكە بىرىنچى قادىر بولغاندىلا تويى قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلاد تەلەپ قىلىش، نەسەبلىرىنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىدىن ھەزەر قىلىدۇرۇش بىلەن كۆڭۈل بۆلدى. ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ‹‹ئى

[1] ـ سۈرە نۇر :59 ـ ئايەت.

ياشلار جامائەسى كىمكى (ئۆيلىنىشكە) قادىر بولالىسا ئۆيلەنسۇن، ھەقىقەتەن ئۇ بولسا كۆزنى يىغىدۇ. ئىپپەتنى ساقلايدۇ ۋە كىمكى قادىر بولالمىسا روزا تۇتسۇن، ھەقىقەتەن ئۇ بولسا ئۇنىڭ ئۈچۈن قوغدىغۇچىدۇر.››[①]

بۇ سۆز سەۋەبى بىلەن بۇ يەردە مۇسۇلمان ئايالنىڭ دەۋەتكە تەييارلىق قىلىشى ئۈچۈن قىسقىچە توختالماقچىمىز. ھەقىقەتەن جىنسىي تەربىيە بولسا ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەردىندۇر. ئۇ بولسىمۇ ئىبادەتلىرىنى تەلەپ قىلغىنىدەك ئادا قىلىشى لازىم. دەپ سانىلىدىغان ھەيز، نىپاس، ئېھتىلام ۋە ئۇنىڭدىن پاكلىنىش توغرىسىدىكى دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلىش بولسا ئۇنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىدۇر. ئاندىن كېيىن ئۆز جىنسىدىكى قىزلارغا يەتكۈزۈشى ۋاجىپ مەسئۇلىيىتىدۇر. شۇنداقلا بۇ بولسا ھايا قىلىنمايدىغان مەسىلەدۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھا مۇنداق دېگەن: ‹‹ئايالالارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەنسارىلارنىڭ ئاياللىرىدۇر، ئۇلارنىڭ دىنىنى چۈشىنىشىدە ھايامۇ ئۇلارنى توسالمىغان ئىدى.››[②]

ۋە بىز بۇ يەردە بىر ئايالنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ ئۇنىڭدىن ھەيزنىڭ قانداق تازىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا سورىغانلىق ھەدىسىنى زىكرى قىلىپ ئۆتىمىز، ئۇ بولسا ئايال كىشىنىڭ ئۆز دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئۆگىنىشىنىڭ ۋاجىپ (مەسئۇلىيەت) ئىكەنلىكىگە كۈچلۈك دەلىلدۇر. شۇنداقلا ئۇ، ئايال كىشىنىڭ، ئايال كىشىگە ئۆگىتىشى ۋە ئۇنى الله تەرەپكە

[①] ـ سەھىھۇل بۇخارى ـ 4779 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.
[②] . ـ سەھىھۇل مۇسلىم :61 ـ نومۇرلۇق ھەدىس





چاقىرىشىنىڭ شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىگە كۈچلۈك دەلىلدۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: ‹‹بىر ئايال كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەيزدىن قانداق يۇيىنىدىغانلىقىنى سورىدى؟. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹‹(ئاق) پاختىدىن ئېلىپ ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن پاكلىنىڭ››، (ئايال) دېدى: قانداق پاكلىنىمەن ؟ ئېيتتى: ‹‹ئۇنىڭ بىلەن پاكلىنىڭ›› (ئايال) دېدى: قانداق؟ ئېيتتى: ‹‹الله نى پاكلايمەن (سۇبھاناللاھ) تازىلىنىڭ!›› ئاندىن مەن ئۇنى تارتتىم ۋە ئۇنىڭغا ئېيتتىم: ئۇنىڭ بىلەن قاننىڭ ئەسىرى بار يەرنى سۈرتۈڭ.››[①]

يەنە بىر رىۋايەتتە: ‹‹ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نومۇس قىلدى ۋە يۈزىنى ئۆرىۋالدى››[②]

ئەمما ئېھتىلام مەسىلىسى توغرىسىدا، مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، ھەقىقەتەن ئۇ مۇنداق دەيدۇ؛ ئەبى تەلھەنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ ئېيتتى: ئى الله نىڭ ئەلچىسى، الله ھەقىقەتەن ھەقتىن خىجىل بولمايدۇ، ئەگەر ئايال كىشى ئېھتىلام بولۇپ قالسا ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇيۇنۇش (غۇسۇل) بارمۇ؟ ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېدى.: ‹‹ھەئە، ئەگەر سۇ كۆرسە.››[③]

[①] ـ .سەھىھۇل بۇخارى :308 ـ نومۇرلۇق ھەدىس
[②] ـ سەھىھۇل بۇخارى: 309 ـ نومۇرلۇق ھەدىس،
[③] ـ سەھىھۇل بۇخارى : 278 ـ نومۇرلۇق ھەدىس

## يەتتىنچى پەرزەنتلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش ۋە دەۋەت قىلىشنى تۇرغۇزۇشقا تەربىيلەش

بۇنىڭدىكى مەقسەت، ياش قىز - يىگىتلەرنى تەربىيلەش ۋە ئۇلارنىڭ اللہ غا ۋە ئۇنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش غەلىبىسىنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپ، تەييارلىنىشلىرى ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭ مەنبەلىرى بولسا تەربىيە قىلىش، ئۆگىتىش، نەسىھەت قىلىش، تەربىيلەش ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇپ ھەتتا دەۋەتنى ئۇلارنىڭ قان - تومۇرغا سىڭدۇرۇش ۋە ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ بۇ كاتتا ئەمەل، ئۈستىدە يېتىلىشى ئۈچۈندۇر.

ئىشىنىمىزكى، اللہ نىڭ ئىزنى بىلەن دەۋەت داۋاملىشىش بىلەن كۈچەيگۈسى ۋە كەڭ دائىردە تارقالغۇسى !

بۇنداق دېگەنلىكىمىز ھەر گىزمۇ ئۆسمۈرنى دەۋەت مەيدانلىرىغا تاشلىغان ياكى ئىتتىرگەنلىكىمىز ۋە ياكى ئۇنى خۇتبە، لېكسىيە، دەرس ياكى ئاممىۋى سورۇندا سۆزلەشكە تەييارلىق قىلىشقا تەكلىپ قىلغانلىقىمىز ئەمەس. ئەمما بىز بولساق ئۇنى ئائىلە ئىچىدىكى دەۋەتكە دائىملىق ئەمەللەرگە مەشق قىلدۇرۇپ ئادەتلەندۇرشىمىز لازىم. مەسىلەن: ئەگەر ئەزان ئاڭلىسا ئاتا - ئانىسىنى نامازغا ئويغىتىشتەك ياكى ۋاجىپ يا سۈننەتنى ئەسلىتىش ۋە ياكى ئائىلە ئەزالىرى ئىچىدىكى بىرەرسىنىڭ خاتالىقىنى كۆرگىنىدە ئۇنىڭدىن ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇشى ياكى رەزىللىك (مۇنكەر) نى ئاڭلىغىنىدا ئۇنى ناھايىتى يۇمشاقلىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن تىلدا ئۆزگەرتىشكە ئوخشىغان ئىشلارنى قىلىشىمىز ۋە قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.





ئۇنىڭدىن مەقسەت بولسا، ئۆسمۈرنىڭ دەۋەت ئەمەلدىن سوغۇرۇلۇپ قوبۇل قىلىشى ھەتتا ئەگەر قابىلىيەتلىك چوڭ بولسا ئۆز نەپسىنى مۇشۇ ئەمەلگە مۇناسىۋەتلىك تاپىدۇ دەپ ئۇنىڭ يىراقلارغا تارقىلىشى ئۈچۈن بارلىق ئەقىل - ئىدراكىنى ئىشقا سېلىپ ئۇنىڭغا چاقىرغۇچى بولىدۇ. مانا مۇشۇ بولسا مۇسۇلمان جەمئىيىتىنى شاتلاندۇرۇپلا قالماستىن پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئالەملىششى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ رول ئويناش بىلەن ھەر تۈرلۈك ئاسۇراتتىن ئازادلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

ۋە دەۋەت پىكرىنىڭ يوقالغانلىق سەۋەبى بىلەن بۈگۈنكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ زىيىنى قانچىلىك... مەيلى ئۇ شەخسلەردە، جامائەتلەردە ياكى ئىسلامىي دۆلەتلەردىكى ئاممىۋى ئاپراتلاردا جەمئىيەتلەردە ۋە ھۆكۈمەتلەردە ئۇ پىكىر غايىبتۇر.

بۇ چوڭ مۇشكۇلنىڭ ئىلاجىنى (يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتكەنلەرنى) ھەر تۈرلۈك بولغان سەۋىيەلەرگە قاراپ تۇرۇپ بىر نەچچە باسقۇچقا بۆلۈش بىلەن ھەل قىلىش مۇمكىن. ئەلۋەتتە بۇلار بولسا ھەممە كىشىنىڭ مۇسۇلمان ئوغۇل - قىز ئەۋلادلارنى تەربىيلەشتە ئاممىۋى ۋە خاس مەسئۇلىيەتلەرنى ھېس قىلغىنىدىن ۋە كىچىك - چوڭ ئائىلىلەر ئىچىدە ئەمەلى ئىجرا قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش يولى بىلەن دەۋەت ئۈچۈن ئۇلارنى تەييارلىغاندىن كېيىندۇر. چۈنكى جەمئىيەت، چوڭ - كىچىك ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تورلىشىپ بىرىكىشىدىن تەركىب تاپقۇچىدۇر ۋە ھەم شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئورگان ۋە ئىجتىمائىي ئاپپاراتلار ئائىلەلەردىن بىرلىككە كەلگەن خەلق ئەربابلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ تەربىيۋى تەرەپلەردىن ئېيتقاندا مۇسۇلمان داھىي (چاقىرغۇچى) شەخسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن تىرىشىش بىلەن ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش

كېرەك.

ئائىلىدىكى خىزمەت:

ھەقىقەتەن مۇسۇلمان، ئەگەر ئەمەلىنى الله تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئىخلاس بىلەن خالىس قىلىدىكەن، ئۇ ئىبادەتتۇر ۋە ئۇنىڭ دائىرىسىگە ھەم ،ئايال كىشىنىڭ كىچىك جەمئىيىتى بولغان ئائىلە سىدىكى خىزمىتىمۇ مەيلى ئۇ خىزمەت ئىجتىمائىي تەرەپتىن بولسۇن ياكى ھەرخىل شارائىتتىكى دەۋەت تەرەپتىن بولسۇن ئۇنىڭغا كىرىدۇ.

ئۇلاردىن زىكىر قىلىپ ئۆتىدىغىنىمىز:

1. ئەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىش الله غا ئاسىي بولىدىغان ئىشتىن باشقا بارلىق ئىشلاردا مىسلى: ئۆينىڭ، ئائىلىنىڭ ۋە پەرزەنتلەرنىڭ... ياخشىلىنىشى قاتارلىق ئىشلاردا ئۇنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، يەنى ئايالنىڭ قۇدرىتى يەتمەيدىغان ياكى ئاياللارغا قىيىن توختايدىغان ئىشلاردا بويسۇنمايدۇ. بۇ توغرىدا الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر سىلەرگە ئىتائەت قىلسا ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولماڭلار﴾ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر مەن بىر ئادەمنى يەنە بىر ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان بولسام ئەلۋەتتە ئايالنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيتۇم.»

2. ئېمىتىش: بۇ خىزمەتنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى بولسا مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئۆز غىزاسىغا كۆڭۈل بۆلمىكىدۇر. بىرىنچىدىن ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ پاك ياكى پاك ئەمەسلىك تەرەپتىن ۋە تاماقلىرىنىڭ غىزالىنىدىغان ۋاقتىنى نىزاملاشتۇرۇش ۋە





غىزالىرىنىڭ تۈرلىرىنى قۇۋۋەتلىك بولغان بىر نەچچە تۈرگە مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك. چۈنكى، ئۇنىڭ مەنپەئىتى بولسا ئانىغا بولۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن بەلكى سۈتلەنگۈچى بالىغىمۇ بولىدۇ. ھەر تۈرلۈك ياخشى تائاملار ئانا سۈتىنىڭ تولۇق ۋە كۆپ چىقىشىغا ياردەم قىلىش بىلەن كېلىپ چىقىشى ئىشەنچىلىك بولمىغان سۈنئىي ئېمىتىشكە موھتاج قىلىپ قويمايدۇ.

تەربىيىلەش: بۇ بولسا ئانا، پەرزەنتىنىڭ جىسمىدىكى، كىيىمىدىكى، ئۇوران ـ كۆرپىسىدىكى ۋە ئۇنىڭ ياشايدىغان يېرى بولغان مۇھىتىدىكى تازىلىق خىزمىتىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە پەرزەنتىنىڭ مېھرى ـ مۇھەببەتلىك، رەھىمدىل بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن داۋاملىق دۇئا قىلىپ تۇرۇش،ە ئۇنىڭغا تىللاش، سۆكۈش ياكى قاتتىق ئۇرۇشلار بىلەن ئازار بەرمەسلىك. ئۇنى تەربىيىلەش يولىدىكى بارلىق ئىشلار ئۈستىدە الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ سەۋر قىلىش لازىم.

3. ئىنشائاللاھ يۇقىرىدىكى ھەر بىر ئەمەللەردىن ياخشى ئەسەرلەر قالغۇسى ۋە ئەمگۈچى ئۆسمۈرنىڭ جىسمانىي، ئەقلىي، نەپسىي ۋە ئىمانى يېتىلىشلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قازىنىلغۇسى ۋە شۇلار بىلەن بىرگە قاۋۇل، جۇشقۇن يېتىلگۈسىدۇر.

4. غىزالارنى تەييارلاش: مۇسۇلمانىنىڭ ئۆيى يېمەك ـ ئىچمەكتە پاك، ياخشى نەرسىلەرگە خاسلانغان بولۇپ، ھارام، ناپاك نىجىس نەرسىلەردىن يىراقتۇر. مۇسۇلمان ئايالنىڭ تاماق تەييارلىشى بولسا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن يەنە ھارام، شۈبھىلىك ۋە تەركىبىدە ھارامغا دائىر نەرسىلەر بولغان بارلىق نەرسىلەردىن ساقلاش ئۇنىڭ

مەسئولىيەتلىرىدىندۇر. ئۇنىڭدىن ھەم يېمەك ـ ئىچمەكتە ئىسراپ قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

كىيىم تىكىش: ھەقىقەتەن الله تائالا ئۆز بەندىلىرىگە مەرھەمەت قىلىپ كىيىم ـ كېچەكلەر بىلەن زىننەتلىدى. ئۇ بولسىمۇ يۇڭ، پاختا ۋە ئۇلاردىن باشقىلىرىدىن الله نىڭ رەھمىتى ۋە پەزلى بىلەن كىيىم قىلىپ ئىشلەنگەن نەرسىلەردۇر. بۇ توغرىدا الله تائالا ئىنسانلارنى باشقا مەخلۇقاتلاردىن پەرقلەندۈرگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئادەم بالىلىرى ! سىلەرگە بىز ھەقىقەتەن ئەۋرەتلىرىڭلارنى ياپىدىغان لىباسنى ۋە زىننەتلىنىدىغان لىباسنى چۈشۈردۇق. تەقۋادارلىق لىباسى ئەڭ ياخشىدۇر. ئەنە شۇلار (يەنى ئىنسان بالىلىرىغا ستەرە ئەۋرەت ئۈچۈن لىباس ياراتماق) ئۇلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن الله نىڭ (بەندىلىرىگە بولغان پەزلى ـ مەرھەمىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر.﴾[1] ئەگەر مۇسۇلمان ئايال ئۆزىنىڭ، بالىلىرىنىڭ ۋە ئېرىنىڭ كىيىملىرىنى، ئۆزى تىكىپ بەرسە بۇ شەرئى كىيىملەرنىڭ تېكىلىشى ۋە ئۇممەت ئىقتىسادىنىڭ تېجىلىشىگە ئەڭ يېقىندۇر.

قۇرئانى كەرىم يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكۋە زىننەتلەردە دائىم نورمال، مۇۋاپىق، ئوتتۇراھال بولۇشنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئادەم بالىلىرى ! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرەتىڭلارنى ستەرە قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار الله ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ.﴾[2]

---

[1] ـ سۈرە ئەئراف:26 ـ ئايەت.
[2] ـ سۈرە ئەئراف:31 ـ ئايەت.





ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلەردە ئۇلارنىڭ پاك،ياخشىلىرىنى تاللاش بىلەن ئۇلاردا ئىسراپ قىلماسلىقنى تەكىتلەپ ئەبۇھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: ‹‹ئەي خالايىق ھەقىقەتەن الله تائالا گۈزەلدۇر (پاكتۇر)، ـ ئۇ پەقەت گۈزەل (پاك) نەرسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ھەقىقەتەن الله تائالا مۇرسەل پەيغەمبەرلەرنى بۇيرۇغان نەرسىگە مۆمىنلەرنىمۇ بۇيرۇدى ۋە (ئۇ) ئېيتتدۇ: ﴿ئى پەيغەمبەرلەر! ھالال نەرسىلەرنى يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئوبدان بىلىمەن.﴾[1]

ۋە ئېيتىدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر الله قىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار الله غا(يەنى الله نىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلىڭلار.﴾[2]

بۇ بولسا مۇسۇلمان دەۋەتچى ئايالنىڭ شەنىدۇر، ھەقىقەتەن ئۇ بولسا بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلۇغ پەرۋەردىگارى الله تائالانىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇندىغان ئاساستا يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە ئائىلە تۇرمۇش بۇيۇملىرىدا، ئىسراپ ۋە ھەددىدىن ئاشۇرۋېتىشلەردىن يىراقلاشقۇچىدۇر. بۇنىڭغا الله تائالانىڭ سۆزى دەلىلدۇر: ‹‹ تۇغقانلىغا، مىسكىنگە، ئىبنى سەبىلگە (خەير ـ ساخاۋەتتىن) ھەققىني بەرگىن، (پۇل ـ مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن. ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ

---

[1] . ـ مۇئمىنۇن: 51 ـ ئايەت
[2] ـ سۈرە بەقەرە:172 ـ ئايەت.

قېرىنداشلىرىدۇر، شەيتان پەرۋەردىگارغا تولىمۇ كۇفرانى نېمەت قىلغان ئىدى.﴾[1]

5. شۇنىڭ بىلەن بىرگە جانلىقلارنىڭ سۈرەتلىرى ياكى كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرى ئېلىنغان، رەخ ۋە ئائىلە بۇيۇملىرىدىن ياكى الله تائالادىن باشقىغا پىكرى ئىشارەت قىلىدىغان رەسىملەردىن ياكى ئەقىدە ۋە ئەخلاقتا ئەگرى بولغان دۇرۇس بولمىغان خەت ـ يېزىقلاردىن قەتئىي تۈردە يىراق بولۇش لازىم.

ئائىلە ئىچىدىكى ئاممىۋى ۋە ئائىلە سايمانلىرى تازىلىق خىزمىتىنى تۈرغۇزۇش: ئۆيىنى ئۆرپ ـ ئادەت، دىنغا مۇناسىپ، ئىسلام تەلىماتىغا ماس كېلىدىغان نەرسىلەرنى، تاللاپ زىننەتلەشكە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈش، جانلىق شەيئىلەرنىڭ سۈرىتى بار بولغان چىنە ـ قاچىلارنى ئىشلىتىشتىن يىراق بولۇش، مەيلى ئۇنىڭ سۈرىتى تولۇق بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن باشقىلىرى بولسۇن ياكى الله تائالادىن باشقىغا ئىبادەت قىلىشقا ئىشارەت قىلىدىغان مىسال: كرېست بەلگىسى ياكى ئوت ياكى پۇزا ـ بۇتلارنىڭ سۈرەتلىرى.... قاتارلىق شۇلارغا ئوخشىغان بارلىق نەرسىلەردىن يىراق بولۇش لازىمدۇر.

ۋە ئۇلارغا ھەم بالىلارنىڭ ئويۇنچۇقلىرىنى تاللاپ بېرىشمۇ كىرىدۇ. بۇلار بىلەن بىرگە يۇقىرىقى نەرسىلەردە بالىلارنىڭ ئىسلامىي ئەقىدە، ئەخلاقلىرىغا زىيانلىق نەرسىلەر جەلپ قىلىنماسلىقى لازىم.

بىز يۇقىرىدا زىكىر قىلغان مەسىلىلەر مۇسۇلمان ئائىلىنىڭ

[1] ـ ـ بەنى ئىسرائىل:26 ـ 27ئايەت





ئىمانىنىڭ ۋە ئىمانى چۈشەنچىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە ئاياللار دەۋىتىدىكى زېرەكلىكى بىلەن تاكامۇللاشقۇسى !!!

## خاتىمە

ئاخىرىدا جانابىي الله تىن بۇ كىتابنى پايدىلىق قىلىشنى ۋە بۇكىتابنى ئۆزىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىسانە قوبۇل قىلىشنى سورايمەن.

مەن بۇ كىتابتا كۆرۈلۈش ئېھتىمال بولغان خاتالىق ياكى ئېزىشلار ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراش بىلەن ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىمنى تەكرارلايمەن. چۈنكى مەن ياخشى بىر ئىش قىلىشنى خالىدىم ۋە پەقەتلا دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى مەقسەت قىلدىم. ئەمما مۇۋەپپەقىيەت الله نىڭ ئىلكىدە بولۇر، مەن ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىمەن ۋە تەۋبە بىلەن ئۇنىڭغا قايتىمەن.

الله تائالا دىن بۇ كىتابنى خالىسانە ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن قىلىشنى، كىتابتا خاتا،نۇقسان تاپقان كىشىلەرنىڭ مېنى ئەپۇ قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. جانابىي الله تائالا مېنى مۇۋەپپەق قىلغان ئىش مانا مۇشۇنىڭدىلا ئىبارەتتۇر.

جانابى الله تىن بۇ كىتابنى بىزگە پايدىلىق قىلىشنى، ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى ۋە خاتالىقلىرىمىزنى، ئىشلىرىمىزدىكى ئىسراپچىلىقلارنى كەچۈرۈم قىلىشنى، بىزنىڭ قەدەملىرىمىزنى مۇستەھكەم قىلىشنى، بىزنى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ئىماندا مەھكەم تۇرغۇزۇشنى سورايمەن. الله ماڭا يېتەرلىكتۇر، ئۇ نېمە دېگەن ياخشى ۋەكىل، نېمە دېگەن ياخشى دوست ۋە نېمە دېگەن ياخشى ياردەمچى ـ ھە!

جانابىي الله تىن بىزنى ۋە سىزنى (كۆپ) رۇزا تۇتقۇچىلاردىن، كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغۇچىلاردىن ۋە ئۇنىڭغا تەۋبە بىلەن قايتقۇچىلاردىن قىلسۇن! ئۇ نېمە دېگەن ياخشى دوست ۋە نېمە دېگەن ياخشى ياردەمچى ـ هە!

«پەرۋەردىگارىمىز سەن بىزنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىمىزنى بىلىپ تۇرىسەن، ئاسمان ـ زېمىندىكى هېچ نەرسە الله قا مەخپىي ئەمەستۇر»[①] «پەرۋەردىگارىم مېنى ۋە بىر قىسىم ئەۋلادىمنى نامازنى ئادا قىلغۇچى قىلغىن، پەرۋەردىگارىمىز دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن. پەرۋەردىگارىمىز هېساب ئالىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا ۋە مۆمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن»[②]

بارلىق هەمدۇ سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا، ئالدىنقىلارنىڭ ۋە كېيىنكىلەرنىڭ يولباشچىسى ۋە بىزنىڭمۇ يولباشچىمىز مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا ۋە بارلىق ساهابىلىرىگە سالام بولسۇن.

ئا.ئابدۇرراهمان خاقانىي

① ـ ئىبراهىم سۈرىسى 38 ـ ئايەت
② ـ سۈرە ئىبراهىم ـ 41 ـ ئايەتلەر